2023 سېنتەبىر
ئومۇمىي 49-سان

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival





جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق
1



ئامېرىكا-خىتاي پەن كېلىشىمى
40



ھەرىكەت بالىلارنى چىدامچان قىلىدۇ
71

2023 سېپتەبىر

ئومۇمىي 49-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

**www.uyghursfoundation.org**

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش

ئامېرىكا-خىتاي ئارىسىدىكى
44 يىللىق ئىلىم-پەن
كېلىشىمىنىڭ كېلەچىكى

خىتاي دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي
مەسىلە دۇنيا ئۈچۈن نېمىدىن
دېرەك بېرىدۇ؟ 93

## خىتاي تەتقىقاتى

جاسۇسلۇق ۋە يالغانچىلىق

## خەلقئارا ۋەزىيەت

خىتاينىڭ قارا نىيىتىگە
قارشى ئامېرىكانىڭ يېڭى
ئىستراتېگىيىسى 75

شى جىنپىڭ خىتاينى يار
لېۋىگە ئىتتىردىمۇ؟


## تۈگۈنلەر ۋە يېشىملەر

خىتاينىڭ «ئۇرۇش بۆرىسى»
دىپلوماتىيەسىنىڭ ئەۋج
ئېلىشى ۋە پەسكويغا
چۈشۈشى 65

## گۈلىستان

جىسمانىي ھەرىكەت
باللارنى چىدامچان قىلىدۇ










## تارىخ ۋە بىز

خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ
رەئىسى — مۇھەممەدنىياز ئەلەم
ئاخۇنۇم 58

## مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

غەم-قايغۇ سەۋەبلىك تۆگىشىپ
كەتمەڭ 81

## ھېكمەتلەر

تىرىشچانلىق توغرىسىدىكى
ئەقلىيە سۆزلەر 85

## ساغلاملىق

مېۋىلەرنىڭ خانىشى ــ ئانار 49


## كۆڭۈل ۋە تەن

غايىگە يېتىش يولىدا زېرىكىپ
قالغاندا 53

ئاسان بولسا، ھەممە ئادەم
قىلغان بولاتتى 45

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

خىتاينىڭ راھىلە داۋۇتقا
مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىشى
ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېچىنىشلىق
يوقىتىشتۇر 28


خىتاي تەتقىقاتى
SPIES
جاسۇسلۇق
ۋە
AND
LIES
يالغانچىلىق
HOW CHINA'S GREATEST COVERT
OPERATIONS FOOLED THE W
'When Alex Joske speaks,
governments need to listen.'
MIKE GALLAGHER,
MEMBER OF US CONGRESS
ئالېكس جوسك

# ئۈنىنچى باب ـــ ئايلانما ئىشىك: تەتقىقاتچىلار ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

<u>**«كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»**</u>

**ۋەزىيەتكە ماس ھالدا، «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» خىتاينىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» تېمىسىدىكى يىغىندا ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا يېڭى شۆبە ئاچىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» 2004 ـ يىلىلا ئۆز تورىنى ۋاشىڭتوندىكى ئاقىللار ئامبارلىرى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ خىتاي پروجېكتى دەپ تەرىپلىگەن بولۇپ، 2000 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ پروجېكتنىڭ كۆلىمى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.(7) 9 ـ ئايدىكى ئىككى كۈنلۈك يىغىندا ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياستى جەھەتتىكى، سابىق دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى زبىگنىيېۋ برژېنسكىي (Zbigniew Brzezinski) ۋە خىتايدا تۇرۇشلۇق سابىق باش ئەلچى ستېيپولتون روي (J. Stapleton Roy) قاتارلىق غوللۇق ئەربابلار بىر يەرگە جەم بولغانىدى.(8) بىر سۆزلىگۈچى بۇنى «مەن كەسپىي ھاياتىمدا قاتنىشىپ باققان، خىتاي توغرىسىدىكى ئەڭ ياخشى يىغىن بولدى» دېگەنىدى.(9)**

**بۇ يەردە «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»نى ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. مەزكۇر فوند «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن بىر قانچە يىل ھەمكارلاشقاندىن كېيىن، ئەمدى بۇ خىل ھەمكارلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خىزمەت بىناسىدا ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى تۇنجى ئىش بېجىرىش ئورنىنى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىغانلىقىنى ئاشكارىلىيالايتتى. بۇ بېيجىڭدا دائىمىي تۇرۇشلۇق تۇنجى ئامېرىكا ئاقىللار ئامبىرى ئىدى. «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»نىڭ خىتايدىكى شۆبىسى (پروگراما دىرېكتورى پېيي مىنشىن بۇنىڭ «مۇستەقىل ئامىمۋى تەشكىلات» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەنىدى) يەنە ئۆزىنىڭ بېيجىڭدا مۇھاكىمە يىغىنى ۋە مەجلىسلەرنى تەشكىللىشىگە ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، رايىشلىق بىلەن يەرلىك «ماسلاشتۇرغۇچى»دىن بىرنى تەيىنلىگەنىدى. شۇنداقلا، خىتاينىڭ «ياخشى نىيىتى»نىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، «خىتاي ئىسلاھات**

مۇنبىرى»نىڭ بىر قانچە ئەزاسى، جۈملىدىن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئاقىللار ئامبىرىنىڭ مۇدىرى رۇەن زوڭزې (Ruan Zongze) ۋاشىڭتونغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشقانىدى.

پېي مىنشىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ «خىتاينىڭ سىياسىي ساھەسى بىلەن ئۇچرىشىش» ۋە پارتىيە بىلەن سەممىي سۆھبەتلىشىشنىڭ تېپىلغۇسىز پۇرسىتى ئىدى. خىتايدىكى تەسىرىمىزنى كۈچەيتىۋاتىمىز دەپ ئويلىغان «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» ئۆزىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلىۋاتقانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلغانىدى.

خىتاينى شەكىللەندۈرۈش ئارزۇسى يەنە بىر قېتىم كۆپۈككە ئايلىنىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ چەتئەلدە تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پۇرسەتكە ئايلاندى.(10) سوروسنىڭ «خىتاي فوندى» ھەمدە ۋاڭ چى بىلەن چاس فىرمەنىنىڭ «ئامېرىكا ـ خىتاي سىياسەت فوندى» ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار يەنە تەكرارلاندى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ پارتىيە ئىچىدىكى زاتلار ۋە ئىسلاھاتچىلار بىلەن يېقىن ئالاقىسى بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ يەمچۈكنىڭ جەلپكارلىقى بەكلا كۈچلۈك ئىدى.

«كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»دىكى خىتايشۇناسلار پارتىيەنىڭ سىياسىي لىنىيەسىگە گومۇشلارچە ئەگىشىدىغان ھاماقەتلەردىن ئەمەس ئىدى. ھازىر كلارېمونت ماككېنا ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى بولغان پېي مىنشىن تەجرىبىلىك ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك خىتاي سىياستى كۆزەتكۈچىسىدۇر. ئۇ 2005 ـ يىلى يازغان ئەسىرىدە، بۇش ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا قارىتا تېخىمۇ قاتتىق تۇتۇم ئىزھار قىلىشى ۋە «ئامېرىكانىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە ھوقۇق ئىستىكى توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى پەسەيتىش» ئۈچۈن خىتايدىكى سىياسەت ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. پېي مىنشىن خىتايدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمران پارتىيەدىن ئۈمىد كۈتمەيتتى، ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىنى «ھوقۇقنى مۇستەھكەم چاڭگاللىۋالغان، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ» دەپ باھالىغانىدى.(11)

ئەمما، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنىڭ خەۋپى ئىدىئولوگىيەلىك مۇرەسسەدىن ھالقىپ كېتەتتى. «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»نىڭ باش شتابىنىڭ ۋاشىڭتون شەھەر مەركىزىدىكى ماسساچۇسېتس كوچىسىغا جايلاشقانلىقى مەزكۇر فوندنىڭ ئامېرىكا سىياستى ۋە سىياسىيونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەتتا مەخپىي ئۇچۇرلارغا تايانماي تۇرۇپمۇ، تەتقىقاتچىلار ۋاشىڭتون شەھرىنىڭ سىياسىي مۇھىتىدىن توپلىغان چۈشەنچىلەر خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكا سىياستىنى ئىز قوغلاپ تەتقىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىخبارات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. سۆھبەتدىشىگىز مەخپىي سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش خادىمى بولغاندا، ھەر قانداق سىياسىي تەھلىلچىنىڭ خىزمىتىنىڭ نورمال بىر قىسمى بولغان بۇ خىل پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە مۇزاكىرىلەر تولىمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇ (خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئاقىللىرى ئامبىرىغا ئوخشمايدىغان) ھەقىقىي ئاقىللار ئامبىرى خاتىرجەم ئويناليايدىغان ئويۇن ئەمەس ئىدى.

«كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» ئۆزىنىڭ خىتايشۇناسلىرىنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپلا قالماي، باشقا تەشكىلاتلار ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنىمۇ بۇ دولقۇنغا سۆرەپ كىرىپ، ئۇلارنى بارىينىڭ باشتىن كەچۈرگىنىگە ئوخشاش تەسىر كۆرستىش نىشانلىرىغا ئايلاندۇردى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» شۇنىڭدىن ئىلگىرى جېك بىجيەنىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ۋە مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنى چەتئەللىكلەرنى جەلپ قىلىش قورالى سۈپىتىدە قوللانغانىدى. ئەمەلىيەتتە «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»مۇ بۇ مىنىستىرلىقنىڭ «قورال ـ ياراغ ئامبىرى»غا قوشۇلۇپ، ئۆز نامى ۋە ئىناۋىتىنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا بەردى. مەسىلەن، «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» ئامېرىكادىكى ئەڭ چوڭ ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ بىرى بولغان «ماك ئارتۇر فوندى»نى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»گە تونۇشتۇردى، ئەينى چاغدا بۇ فوند بېيجىڭدا مەۋجۇت بولۇش ئىستىقبالى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانىدى.(12) بىر يىغىندا، «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» يەنە ھىندىستانلىق تەتقىقاتچىلارنى يىغىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاننىڭ تاشقى سىياستى توغرىسىدىكى تەھلىللىرىنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي خادىملىرىغا سۆزلەپ بېرىدىغان «پۇرسەت» بىلەن تەمىنلىدى.(13)

«كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» ۋە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان تەيۋەن توغرىسىدىكى بىر يىغىنغا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئوخشىمىغان ئۈچ نىقاب تەشكىلاتىغا تەۋە خادىملىرى قاتناشقان.(14) بۇ مۇناسىۋەت ئامېرىكاغىمۇ يېتىپ كەلگەن بولۇپ، «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنى ۋاشىڭتوندا كۈتۈۋالغان ۋە ئۇنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغانىدى.(15) 2009 ـ يىلى ئوباما پرېزىدېنتلىققا سايلانغاندىن كېيىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئاشۇ خادىملىرى يەنە  ئامېرىكانىڭ سىياسىي تەرەققىياتىغا ئائىت ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش ئۈچۈن «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»نىڭ خىتايدىكى شۆبىسى بىلەن يىغىن ئۇيۇشتۇردى. ئەينى چاغدا، مەزكۇر شۆبىگە ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى كېڭىشىنىڭ سابىق خادىمى، ئامېرىكانىڭ تەيۋەندىكى ۋەكىلى دوگلاس پال (Douglas Paal) رەھبەرلىك قىلىۋاتقانىدى.(16)

«كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا، ئۇنىڭ خىتايدىكى پروگراممىسى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. «كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى»نىڭ ۋاشىڭتون ۋە نيۇيوركتىكى خوجايىنلىرى بۇ فوندنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىسىنى تېخىمۇ قوللاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەنە قوشۇمچە ئۈچ مىليون دوللار ياردەم قىلدى. كارنېگ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ئامېرىكانىڭ «ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيىتىنى قايتىدىن تەبىرلەش» ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتقا موھتاج ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى.(17) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ

«ئىچكى قىسىمدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىمىز بار» دېگەن يەمچۈكى دۇنيا مىقياسىدىكى ئاقىللار ئامبارلىرىنى تېخىمۇ بەك مۇرەسسەلىششكە مەجبۇر قىلدى.

«كارنېگ خەلقئارالىق تىنچلىق فوندى» ئۆزىمۇ تۇيىماستىن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرستىش ھەرىكەتلىرىگە چېتىلىپ قالغان بىردىنبىر ئامېرىكا ئاقىللار ئامبىرى ئەمەس. نيۇيوركتىكى تەسىردار ئورگان بولغان «ئاسىيا جەمئىيىتى»دىكى (Asia Society) ئىككى نەپەر خىتاي ئىشلىرى ۋەكىلى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ كېڭەش ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.(18) ۋاشىڭتوندىكى «ئىستراتېگىيەلىك ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى»، شۇنداقلا «جېك بىجىيەن تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ ئېنگلىزچە نۇسخىسىنى نەشر قىلغان بىرۇكىڭس ئىنىستىتۇتى دائىم زىيارەتكە كەلگەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالاتتى.

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرى دائىم ھىندىستان، كورېيە، ياپونىيە، سىنگاپور، كانادا، تەيۋەن، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيەدىكى ئاكادېمىكلار، ئاقىللار ئامبارلىرى ۋە دىپلوماتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئاۋستىرالىيە باش ئەلچىخانىسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان دىڭ كۇيسوڭنى ئاۋستىرالىيە دۆلەت مۇداپىئە خادىملىرىغا نۇتۇق سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. كېيىن، مەزكۇر باش ئەلچىخانا زىيارەتكە كەلگەن ئاۋستىرالىيە ئىستىخبارات تەھلىلچىسى بىلەن بىللە، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى تەتقىقاتچىلار بىلەن كۆرۈشكەن.(19)

گېئوپولىتىك ئىستىخبارات شىركىتى Stratfor نىڭ تەھلىلچىلىرى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى بىر خىزمەتچىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇچۇر مەنبەلىرىنىڭ بىرى دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ گاھىدا «ئۇن ـ تىنسىز يوقاپ كېتىدىغان»لىقىغا بولغان ھەيرانلىقىنىمۇ يوشۇرالمىغانىدى.(20)

## راند شىركىتى

ھەممىدىن بەك ھەيران قالارلىقى، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ راند (RAND) شىركىتى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىدۇر.

ئەگەر سىز يەلكەنلىك تاختاي ئارقىلىق دولقۇن يېرىپ باقىقان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز راند شىركىتىنىڭ ئەسىرىدىن بەھرىلىنىۋاتقان بولىسىز، چۈنكى بۇ تەنھەرىكەتنى مۇشۇ شىركەتنىڭ بىر ئىنژېنېرى كەشىپ قىلغان. بۇ پەقەت راند شىركىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ مىساللىرىدىن بىرى، خالاس. بۇ شىركەتنىڭ تەھلىلچىلىرى يادرو قوراللىرى ئىستراتېگىيەسى، تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش ئۇرۇنۇشى ۋە ساقلىقنى ساقلاشتىن تارتىپ ئەڭ دەسلەپكى كومپيۇتېر ۋە ھۆكۈمەت قوللىغان گاللۇسىنوگېن (LSD ـــ كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان

كۆچلۈك قانۇنسىز دورا، بۇ دورىنى ئىستېمال قىلغان كىشى كۆرمىگەن نەرسىنى كۆرگەندەك، ئاڭلىمىغان نەرسىلەرنى ئاڭلىغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ، ت) سىنىقىغىچە بولغان ھۆكۈمەت سىياسىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىزناسىنى قالدۇرغان.(21)

بۇ شىركەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نەشر قىلىنىغانىدى، شۇنداقلا مەخپىي ئەمەس ئىدى. ئەمما تەنقىدچىلەر ئۇنى يەنىلا «چوڭقۇر دۆلەت» (deep state ـــ خەلق تەرىپىدىن سايلانمىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، مەمۇرىي خادىملار، ھەربىي سانائەت ساھەسىدىكىلەر، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، پەردە ئارقىسىدا دۆلەتنى ھەقىقىي تۈردە كونترول قىلىپ تۇرىدىغان گۇرۇھ، ت) بىلەن سوغۇق ئۇرۇش دەۋرىدىكى ھەربىي سانائەت گەۋدىسىنىڭ ئارىلاشمىسى دەپ قارايتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات ئورگىنى پراۋدا ئۇنى «ئىلىم ـ پەن ۋە ئۆلۈم ئاكادېمىيەسى» دەپ ئاتىغانىدى. 1971 ـ يىلى، راند شىركىتىنىڭ تەھلىلچىسى دانىيېل ئېلسبېرگ (Daniel Ellsberg) ئامېرىكانىڭ ۋېيتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىغا ئالاقىدار مۇتلەق مەخپىي تەتقىقاتنى تاراتقۇلارغا ئاشكارىلىۋەتكەنلىكتىن، راند شىركىتى ۋېيتنام ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغاشقا مەجبۇر بولدى. كېيىن «بەشبۇرجەكلىك بىنا ھۆججىتى» دەپ ئاتالغان مەزكۇر ھۆججەتتە ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەزىپە ئۆتىگەن پرېزىدېنتلارنىڭ توقۇنۇشنىڭ ئارقىسىدىكى پىلان ۋە مۇددىئا ھەققىدە ئاممىنى قانداق ئالدىغانلىقى ئاشكارىلاندى.

شۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ناھايىتى تېزلا راند شىركىتىنى تەسىر كۆرسىتىش ۋە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىپ بېكىتتى. بۇ جەھەتتە، راند شىركىتىنىڭ باش شتابىنىڭ كالىفورنىيەدە، يەنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تورى ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن شتاتتا ئىكەنلىكى ھەقىقەتەن كارغا كەلدى. شۇنداقلا، ھەر قانداق مۇنەۋۋەر ئاقىللار ئامېرىغا ئوخشاش، راند شىركىتى خىتايغا تولىمۇ قىزىقاتتى ۋە شۇ ۋەجىدىن ئامېرىكادىكى بىر قىسىم غوللۇق خىتايشۇناسلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەنىدى.

ئامېرىكادىكى ئاپپاراتلارنىڭ ئارىسىدا، راند شىركىتى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ئارقىلىق خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، راند شىركىتى بىلەن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىرلىكتە يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامېرىكالىق مەبلەغ سالغۇچىلارنى، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي خادىملىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىدىكى خىتاي ئاكادېمىكلار ۋە ئەمەلدارلارنى بىر يەرگە جەم قىلدى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى قىسمەن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن بۇ مەجلىسلەر خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنى دىققىتىنى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي يۈكسىلىشىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، راند شىركىتىنىڭ ياردىمىدە ئامېرىكا سەرخىللىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. 2003 ـ يىلىدىكى بىر يىغىن ھەتتا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش شىركەتلىرىنىڭ بىرى بولغان «كاپىتال گۇرۇھى»نىڭ (Capital

Group) قوللىشغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ گۇرۇھ يەنە شۇ يىغىنغا يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنى ئەۋەتكەنىدى.(22) بۇ ئۇچرىشىشلاردا، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقاتچىسى ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى نىقاب تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەھبىرى ۋاڭ جىسى (Wang Jisi) قاتارلىق ھۆرمەتكە سازاۋەر خىتاي تەتقىقاتچىلىرىدىن باشقا، ئاقللار ئامبىرى تەتقىقاتچىسى قىياپىتىگە كىرىۋالغان خىتاي ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرىمۇ راند شىركىتىنىڭ تەھلىلچىلىرى، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن روبىرو ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ «ئولجا»لىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى تولىمۇ خالايدىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، شۇ يىغىنلارنىڭ مەلۇم بىرىگە خىتاي ھەربىي ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ دىققەت تارتمايدىغان بىر نەپەر گېنېرالىمۇ قاتناشقانىدى. (23)

راند شىركىتىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىقتىسادشۇناس چارلىز ۋولف (Charles Wolf Jr) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئەڭ ياخشى ئالاقىچىلىرىدىن بىرى، ئۇزۇن يىللىق دوستى ۋە دائىمىي ھەمكارلاشقۇچىسى ئىدى. راند شىركىتىنىڭ سابىق تەھلىلچىسى جېيمس مالۋېنون (James Mulvenon) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىسى ئېنىقكى، خىتايلار راند شىركىتىدە راۋۇرۇس يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بىرىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىرى ۋولفقا كۆزى چۈشكەن.»(24) ۋولف خىتاي بىلەن كۆپ يىل باردى-كەلگەن قىلغان بولسىمۇ، («خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىن ئىبارەت) بۇ ئاقللار ئامبىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتەلمىگەن ۋە ئۇنى «خىتاي مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئاقللار ئامبىرى» دەپ تونۇشتۇرغانىدى. ئەمەلىيەتتە ۋولفمۇ، راند شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بۇنى بىلىشنى پەقەتلا خالىمايتتى. بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا «خىتاي بەكلا مۇھىم بولغاچقا، ئۇنى خىتايشۇناسلارغىلا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن گەپ مودا ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، مالۋېنوننىڭ ئېيتقىنىدەك، ۋولف «راند شىركىتىدىكى خىتايشۇناسلارنىڭ <خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى>نىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىشىنى قەستەن توسقان.» بۇ قارار شۇ قەدەر بىنورمال ئىدىكى، ھەتتا خىتايلارمۇ راند شىركىتىنىڭ سانتا مونىكادىكى ئىشخانىلىرىنى زىيارەت قىلغاندا، داڭلىق خىتايشۇناسلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىغان. مالۋېنوننىڭ بىلدۈرۈشىچە، راند شىركىتىنىڭ كۆلتۈرى ئىقتىسادىي تەھلىلگە بەكلا مايىل بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئىقتىساد ئۆلچەمشۇناسلىقى (Econometrics) قوراللىرى ئارقىلىق ئىستراتېگىيە، يادرو قورالى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولاتتى ھەمدە بۇ جەھەتتە «شۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسىگە ھاجەت يوق» ئىدى. خىتايشۇناسلار راند شىركىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خادىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يالغان ھېكايىلەرنى توقۇش ۋە ساختا ئۇچۇرلارنى بازارغا سېلىش بوشلۇقى تېخىمۇ كېڭەيدى.(25)

ئەمما، 2000-يىللارنىڭ بېشىدا راند شىركىتىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى بولغان مالۋېنون خىتاي زىيارەتچىلەرنىڭ بىر پارچە تىزىملىكىگە ئېرىشكەندە، ئۇلارنىڭ ئامېرىكاغا كېلىشىدە باشقا غەرەز

بارلىقىنى ھېس قىلغان. راند شىركىتىنىڭ يىغىنلىرىدا، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ خۇ ئەنگاڭ (Hu Angang) ۋە خۇاڭ فەنجاڭ (Huang Fanzhang) قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك پاراگچى ئىقتىسادشۇناسلىرىنىڭ يېنىدا ئاساسەن زۇۋان سۈرمەيدىغان مەخپىي ئىستىخبارات خادىملىرى ئولتۇراتتى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئامېرىكاشۇناس لىندى شۈلاردىن بىرى ئىدى. لېكىن، راند شىركىتىگە نىسبەتەن ئۇ «خىتاي ئاقىللار ئامبىرىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى» ئىدى. مالۋېنون FBI نى لىن دىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، FBI نىڭ جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرىنى بۇ ئىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەكشۈرۈشكە ئۈندىگەن. نەتىجىدە، تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، لىن دى كۈندۈزى راست ـ يالغاندىن راند شىركىتىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ قويۇپ، ئاخشاملىرى لوس ئانژېلېسنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىستىخبارات مۇلۇكلىرى بىلەن كۆرۈشكەن. ئۇنىڭ ئالاقىچىلىرى بەكلا كۆپ بولغاچقا، بەزى ئاخشاملىرى ئىككى، ھەتتا ئۈچ ۋاخ كەچلىك تاماق يېيىشكە مەجبۇر بولغان. FBI نىڭ ئۇچۇر مەنبەسى كاترىنا لياڭ (بىر قانچە يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلات ئۈچۈن 4 ـ بابقا قاراڭ) لىن دىنىڭ جاسۇسلىرىدىن بىرى ئىدى.

مالۋېنون شۇ چاغدىكى راند شىركىتىنىڭ ئەمەلدارى، كېيىن بۇ شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى بولغان مايكىل رىچنى (Michael D. Rich) «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ھەققىدە ئاگاھلاندۇرماقچى بولغان. مالۋېنون مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنىڭغا شۇنى ئېنىق ئېيتالايتتىمكى، ئۇلار (يەنى «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى») خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ رەسمىي تەركىبىي قىسمى بولمىغان تەقدىردىمۇ، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ خادىملىرىنىڭ چەتئەلدە ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سۈپىسى ئىدى.» مالۋېنوننىڭ ئېيتىشىچە، رىچ ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئەندىشىلەرگە پەرۋا قىلماستىن، ھەم چارلىز ۋولفنىڭ تەجرىبىلىك ۋە مۇنەۋۋەر كىشى ئىكەنلىكىنى، ھەم راند شىركىتىنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

ۋولف زىنھار بوشاشماستىن، راند شىركىتىنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن بولغان ئالاقىسىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرغان. ئۇ بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ بىرلىشىپ ئامېرىكانىڭ دىپلوماتىيە، ئىستىخبارات ۋە ئىقتىساد ساھەسىدىكى سابىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن خىتايدىكى ماقامداشلىرى ئارىسىدا ئالاقە ئورناتقۇزۇشنى تەۋسىيە قىلغان. رىچمۇ بۇ پىكىرنى قوللىغان. چۈنكى، ۋولفنىڭ ئېيتقىنىدەك، شۇ چاغدا خىتاي مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى لى جۈنرۇ (Li Junru) رەھبەرلىك قىلىۋاتقان «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» تەھداشسىز «خىتايدا يۇقىرى قاتلاملىق تور قۇرۇش پۇرسىتى» بىلەن تەمىنلەيتتى. (26)

2011 ـ يىلى، ۋولف «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دىكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق يىغىن جەريانىدا، خىتاي ۋە ئامېرىكادىكى تەسىردار مۇتەپەككۇرلارنى بىر يەرگە توپلاپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ئالاھىدە خىزمەت

گۇرۇپپىسى پىلاننى تۈزۈپ چىقتى. ۋولفنىڭ پىلانىدا يېقىندا پېنسىيەگە چىققان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ۋە مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى روبېرت گېيتس (Robert Gates) ھەمدە دۇنيا بانكىسىنىڭ سابىق باشلىقى پائۇل ۋولفوۋىتزمۇ (Paul Wolfowitz) بار ئىدى. لېكىن، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ۋولف كۆرسەتكەندەك پەۋقۇلئاددە يۇقىرى سەۋىيەدىكى نامزاتلارنى كۆرسىتەلمىدى. ئەكسىچە، مەزكۇر مۇنبەر ۋولفنىڭ پىلانىغا قارىتا ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان ھەمكارلىشىپ كەلگەن «ھۆرمەتكە سازاۋەر» تەتقىقاتچىلارنى، شۇنداقلا «گۇاڭمىڭ كۈندىلىك گېزىتى»نىڭ سابىق «مۇخبىرى» شۆ فۇكاڭ قاتارلىق خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرىنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ باشقا ئىككى خادىمىنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى «ماسلاشتۇرۇش»قا تەيىنلىدى. ۋولف بۇ خىل پىكىر ئالماشتۇرۇشلارنىڭ «سەمەرىلىرى»نىڭ ـــ ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتىگە سۇنۇلغان بىرلەشمە دوكلات ۋە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە ئوخشاش غوللۇق تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان ئوبزورلار شۇنىڭ ئىچىدىدۇر ـــ ئامېرىكا ـ خىتاي مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلغانىدى.

خىتاي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىسىمۇ، ئەمما خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بايلىق ئىمكانىيىتىدىن خەۋەرسىز بولغان ۋولف ئومۇمىي خىراجىتى بىر مىليون دوللاردىن ئاشىدىغان مەزكۇر پروجېكتىنىڭ چىقىمىنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى راند شىركىتىنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماھىيەتتە، ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سەرخىللارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بەرگەن. بۇ پۇل خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كىرىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تېخىمۇ كۆپ يىغىنلارنى (خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى مۇشۇ يىغىنلار جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىستىخبارات مۇلۇكلىرى بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىۋالاتتى) ئۆتكۈزۈشكە ئىشلىتىلەتتى.

ئەگەر بۇ پروجېكت داۋاملاشسا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بۆسۈش بولۇپ قالاتتى. ئاخىرىدا، ۋولفنىڭ پىلانىنى ئىككى ئىش سۇغا چىلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇداخىلىسى ئەمەس ئىدى. ئالدى بىلەن، ۋولف پۇل سورىغان بىر مىلياردېر دەسلەپتە بۇ تۈرنى قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەسلىھەتچىسى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن، ئىستىخبارات خىزمىتى تەجرىبىسى بار بىر دوستىدىن «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ھەققىدە مەسلىھەت سورىغان. مەزكۇر سابىق ئىستىخبارات خادىمى سۈرۈش نەتىجىسىدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى بايقىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغان: «ئەڭ يېنىك ئېھتىماللىق شۇكى، بۇ تەشەببۇس ھېچقانچە تەسىرى يوق قۇرۇق گەپ سېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەڭ ناچار ئېھتىماللىق شۇكى، بۇ پروجېكتنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ ئامېرىكانىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ھەمدە (نۆۋەتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە مەسلىھەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ۋە كەلگۈسى ھۆكۈمەتلەردە ۋەزىپە ئۆتۈشى مۇمكىن

بولغان) سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشى ئۈچۈن پۇل بەرگەن بولىدۇ. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى خىتايدا تەسىر كۆچكە ئېرىشىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئەمەس.»(27) ئىككىنچىدىن، دەل شۇ پەيتتە، يەنى ئالاھەزەل 2011 ـ ياكى 2012 ـ يىللىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى CIA نىڭ خىتايدىكى تورىنى بىتچىت قىلدى. بۇ جەرياندا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بىر قانچە خادىمىغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر مىنىستىرلىق «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ (ئۆزلىرىنىڭ ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى جەھەتتىكى) نىقابلىق رولىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن.(28)

## خىتاي تەتقىقاتچىلارنىڭ «ياردىمى»

جۇ فېڭ (Zhu Feng) ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم ئامېرىكاغا بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ 2018 ـ يىلى لوس ئانژېلېس ئايرودرومىدىن ۋەتىنىگە قايتىشقا تەييارلانغان سەپىرىمۇ باشقا سەپەرلىرىدىن پەرقلىقتەك قىلمايتتى. جۇ فېڭ نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر پروفېسسورى بولۇپ، ھۆكۈمەتتىكىلەرگە ناتونۇش ئەمەس ئىدى، ئەمما FBI نىڭ ئىككى خادىمى ئايروپىلانغا چىقىش ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئۇنى توسقاندا، ئۇ تولىمۇ ھەيران قالدى. ئۇلار ئۇنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ، پاسپورتتىكى ئامېرىكا ۋىزىسىنى جىجىۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا خىتايغا قايتىپ بارغان ھامان «ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالىدىغانلىقى»نى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئامېرىكا ۋىزىسى بىكار قىلىنغانىدى.(29)

جۇ فېڭ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى جېين پېرلېزغا (Jane Perlez) FBI نىڭ ئۇ (ئامېرىكادىن كېتىش ئالدىدىلا ئەمەس) ئامېرىكاغا يېتىپ كەلگەندىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار ئۇنىڭ خىتاي ئارمىيەسى ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن قانداق ئالاقىسى بارلىقىنى سورىغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن خىزمەتداشلىرىنىڭ خىتاي ئىستىخبارات ئاپپاراتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى ئېيتىشىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئۇ بۇ ھەقتە ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. FBI بەرمەكچى بولغان سىگنال «ھەمكارلاشمىساڭ ۋىزا يوق» دېگەندىن ئىبارەتتەك قىلاتتى. جۇ فېڭنى ئوبدان تونۇيدىغان ئامېرىكالىق ئاكادېمىكلار ۋە ئاخباراتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى بىمەنە ۋە ئاساسسىز بۇ مۇداخىلىدىن چۆچۈپ كەتكەنىدى.(30)

جۇ فېڭ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»گە ئۆزىنىڭ دەرۋەقە «خىتاي خەلقئارا دوستلۇق ئالاقىسى ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر تەشكىلات بىلەن ھەمكارلىشىپ باققانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. گەرچە «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» بۇنى «ھاكىمىيەت بېشىدىكى كومپارتىيەنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، خىتاينىڭ چەتئەلدىكى مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان» دەپ سۈپەتلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ رېئاللىققا قەتئىي ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى.(31)

بۇ ئۇيۇشما خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى ئالاقە ئىدارىسىگە (中央军委政治工作部联络局) قارايدىغانلىقى ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلانغان نىقاب تەشكىلاتتۇر. بۇ ئورگاننىڭ تونۇلمىغانلىقى ـــ ئۇنىڭ ھەتتا ۋىكىپېدىيەدە ئېنگلىزچە تونۇشتۇرۇلۇشىمۇ يوق ـــ ھەمىشە ئۇنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراشقا سەۋەب بولىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىگە ئوخشاش «سىياسىي ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ئوق ئاتمايلا غەلىبە قىلىدىغان» سىياسىي تەسىر كۆرسىتىش تارماقلىرىنىڭ ھەربىيچە نۇسخىسىدۇر. جۇ فېڭ ھېلىھەم خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى ئالاقە ئىدارىسىنىڭ مەزكۇر نىقاب تەشكىلاتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان مەخپىي خادىملار قاتارىدا مەزكۇر ئىدارىنىڭ ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسىدۇر.(32) 2017 ـ يىلى، جۇ فېڭ سىياسىي ئۇرۇش بۆلۈمىدىكى مەخپىي مايور گېنېرال شىن چى (Xin Qi) بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىن چىنى ئامېرىكالىق خىتايشۇناسلار ۋە سابىق باش ئىستىخبارات نازارەتچىسى دەنىس بىلېيرنى (Dennis Blair) ئۆز ئىچىگە ئالغان بىخەتەرلىك ئىستراتېگىيەچىلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم قىلغان يىغىننى ئۇيۇشتۇردى. دەنىس بىلېير يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولمىش «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر ئالماشتۇرۇش مەركىزى» تەرىپىدىنمۇ نىشانلانغانىدى.(33)

FBI يەنە جۇ فېڭنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىمۇ قىزىققان بولۇشى مۇمكىن. جۇ فېڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاقىللار ئامبىرى بولغان «تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى»نىڭ قارمىقىدىكى «ئاسىيا ـ ئافرىقا تەرەققىيات تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى» بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر پارچە ئىلمىي ژۇرنال نەشر قىلدۇرغان. خىتايدىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىن بىرى بولغان «تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى» بېيجىڭغا بارغان چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار ئەڭ دەسلەپتە زىيارەت قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەركەزنىڭ بىر قانچە ئىنستىتۇتلىرىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەخپىي باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى، جۈملىدىن خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ مەزكۇر مىنىستىرلىق تەرىپىدىن تاللىنىدىغانلىقىنى بىلىدىغانلار تولىمۇ ئاز.(34) بۇ ئىنستىتۇتلارنىڭ خادىملىرىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە كونكرېت قانداق رول ئوينىغانلىقى ھېلىھەم سىر بولسىمۇ، ئەمما چەتئەلدىن قايتىپ كەلگەن ئىستىخبارات خادىملىرى ۋە مەخپىي جاسۇس باشقۇرغۇچىلىرى (Agent handler ـــ ئىستىخبارات ئورگىنىغا ۋاكالىتەن ئىستىخبارات مۇلازىملىرىنى ياكى مەشغۇلاتچىلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشكە مەسئۇل شەخسنى كۆرسىتىدۇ، ت) مۇشۇ ئىنستىتۇتلارنىڭ تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

جۇ فېڭ ئاخىرقى قېتىم ئامېرىكادىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئامېرىكا تەتقىقاتخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋۇ بەيىي (Wu Baiyi) جۇ فېڭغا ئوخشاش تەرزدە FBI نىڭ خادىملىرىغا دۇچ كېلىپ، ۋىزىسى بىكار قىلىنغان. يەنە شۇنىڭدەك، ۋۇ بەيىينىڭ تەرجىمىھالى ئۇنىڭ ھەم خىتاي ئارمىيەسى، ھەم خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى مەخپىي تەشكىلاتلارغا

قاتناشقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەزاسى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ يەنە «تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى»نىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان يەنە بىر تارمىقى بولغان «دۇنيا تەرەققىيات ئىنستىتۇتى» بىلەنمۇ ئالاقىسى بار ئىدى.(35)

ئەگەر بۇ داڭدار ئەزالار بولمىسا، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى «خىتاي خەلقئارالىق كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»دىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنى ئىستىخبارات تەھلىلچىسى سۈپىتىدە بىۋاستە ئىشلىتىدىغان بولۇپ، بۇ مەركەز نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن  خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى ئورگان دەپ قارىلىدۇ؛ ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ تېلېگراممىلىرىدا «خىتاي خەلقئارالىق كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سۆزى نەقىل قىلىنغاندا، بۇ پاكىت ئەستايىدىللىق بىلەن تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەزكۇر ئورگاننىڭ جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىدىكى تەسىرى ۋە ئۈنۈمىنى چەكلەيدۇ (لېكىن، ئۇ يەنىلا بۇ خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ). شۇ ۋەجىدىن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرى جەريانىدا، جۈملىدىن پۇرسەت يارىتىش، تونۇشتۇرۇش ۋە ئىستىخبارات توپلاشتا ئىشەنچلىك، خەلقئارادا ئېتىراپقا ئېرىشكەن ئاكادېمىكلارغا تايىنىدۇ. ئەڭ كەمدە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى خەلقئارالىق يىغىنلارغا مەزكۇر تەتقىقاتچىلار بىلەن بىللە قاتنىشىپ، ھەركۈنى يىغىندىن كېيىن ئۆز جاسۇسلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆزلەيتتى.

بۇ خىتاي مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشىنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى «باشلامچى ئىسلاھاتچىلار ۋە مۆتىدىل كىشىلەر» دەپ قارىلاتتى. ئۇلار ئادەتتە ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى كەسىپداشلىرى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلەتتى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»گە ئوخشاشلا، ئۇلار غەربتە دائىم پارتىيە ئىچىدە تېخىمۇ زور كۈچكە ئېرىشىشنى ۋە پارتىيەنى ئىدىراكىيلىقتا، لىبېرالىزمغا ۋە سىغدۇرۇشچانلىقتا قاراپ سىلجىتىشنى خالايدىغان كىشىلەر دەپ قارىلاتتى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، خىتايدا تۇرۇشلۇق چەتئەل دىپلوماتلىرى ئۇلاردىن كەڭ دائىرىدە مەسلىھەت سوراپ تۇرغاندى.

جۇ فېڭنىڭكىگە ئوخشاش مىساللار «نۇرغۇن خىتاي ئاكادېمىكلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ھەتتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە تايىنىدۇ» دېگەن ئەندىشىلىك ئېھتىماللىقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. خىتايشۇناس پېتىر ماتىس (Peter Mattis) ئېيتقانىدەك: «خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۆز ھەرىكەتلىرىدە جۇ فېڭغا ئوخشاش كىشىلەردىن قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەخمەق ئەمەس.»(36) چەتئەل بىلەن ئالاقىسى بار، تونۇلغان ئاكادېمىكلارغا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا پايدىسى يېتىدىغان دەرىجىدە جۈزئىي (قىسمەن، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دىن) ئەركىنلىك بېرىلىدۇ. بۇ ئاكادېمىكلارنى نىسپىي ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىك بىلەن، جاسۇسلارنى نوپۇز ۋە نىقاب بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورتاق مەۋجۇتلۇق مۇناسىۋىتىدۇر. جۇ فېڭ ھەتتا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندىمۇ نىشانغا يېتىش

ئۆچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان بۇ خىل بۇ«ئېلىم ـ بېرىم»دىن شەپە بېرىپ: «دۆلەت بىخەتەرلىكى خادىملىرى ئىشخانامغا كەلگەندە، ئۇلارنى قوغلىۋېتىشكە ئامالىم يوق» دېگەن.(37) خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سىنارىيەسىدە «ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىمەن دېگەندىن كۆرە، پايدىلىق پىكىرلەرگە ئىگە دوستلارنى تېپىش» تەۋسىيە قىلىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ جىپسى بىجىيەنىنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسىدە ئوينىغان زىيادە شەخسىيەتچى رولى بىزنى خىتايدىكى تاشقى سىياسەت مۇنازىرىلىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلاپ قالالىشى كېرەك.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئۇزۇن يىللىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزاسى ۋاڭ جىسى بۇ خىل غەلىتە دۇئالىزمنىڭ (duality ـــ ئىككى خىل زىددىيەتلىك ئىدىيە ياكى تۇيغۇ تەڭلا مەۋجۇت بولىدىغان ئەھۋال، ت) مىساللىرىدىن بىرىدۇر. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان پروفېسسور ۋاڭ جىسى ئادەتتە خىتاينىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋە ئەڭ ئىدراكىي تاشقى سىياسەت تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ «ئامېرىكا مەستانىسى» ئەمەس ئىدى ـ يۇ، لېكىن خىتاينىڭ ئامېرىكاغا خىرىس قىلىش كۈچى ۋە ئىقتىدارىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈشتىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇ ھەمىشە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق بوشلۇقىنى تەكىتلەيتتى، ئۇ «خەلقئارا كرىزىس تەشكىلاتى»نىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، نيۇيوركتىكى «ئاسىيا جەمئىيىتى»نىڭ تەتقىقاتچىسى، پرىنسېتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش ئارقىلىق بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىگىمۇ تەدبىقلىغانىدى.(38)

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋاڭ جىسىنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن نەچچە ئون يىللىق قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي خەلقئارالىق كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»گە ئەزا بولۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاكادېمىكلار، سەنئەتكارلار ۋە مەخپىي ئەمەلدارلاردىن (كېيىنكى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى گېڭ خۇيچاڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەشكىل تاپقان غەلىتە «داشقازان»ىغا قوشۇلدى.(39) ھەتتا شۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، ۋاڭ جىسى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىللە ياپونىيەگە (ئىلگىرى ياپونىيەدە مۇخبىر سىياقىدا جاسۇسلۇق قىلىۋاتقاندا «قارشى ئېلىنمايدىغان شەخس» (persona non grata) دەپ جاكارلانغان بىرەيلەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ئامېرىكاغا بارغان.(40) ۋاڭ جىسى 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئامېرىكا تەتقىقاتخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئامېرىكاغا ئالاقىدار ھەرىكەتلەر يېتەكچىسى لىن دى (ئۇ خىتاي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ چەتئەل بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى ئۇزۇن يىل مەخپىي باشقۇرغانىدى) بىلەن خىزمەتداش بولغانىدى. 1998 ـ يىلى، ۋاڭ جىسى ئەينى ۋاقىتتىكى «خىتاي خەلقئارالىق كۈلتۈر ئالماشتۇرۇش مەركىزى»نىڭ باش كاتىپى لىن دى بىلەن بىللە توكيو ۋە ۋاشىڭتونغا بېرىپ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان. 2003 ـ يىلى، ۋاڭ جىسى لىن دى ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ

نۆۋەتتە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»دە «تەتقىقاتچى» سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان باشقا خادىملىرى بىلەن بىللە راند شىركىتىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان. لىن دىمۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كالىفورنىيەدىكى جاسۇسلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋالغانىدى.(41) ۋاڭ جىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى «خەلقئارا ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتى»نىڭ مۇدىرى ئىدى. يەنە شۇنىڭدەك، داڭلىق ئىسلاھاتپەرۋەر ئىقتىسادشۇناس فەن گاڭمۇ (Fan Gang) كەم دېگەندە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىككى نىقاب تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە بۇ پائالىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە قاتناشقان.(42)

جىن سەنروڭ (Jin Canrong) ۋاڭ جىسىدىن بەكرەك قاتتىق قول (hawkish) ئىدى، ئەمما ئۇنىڭمۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. خىتايدىكى مىللەتچىلەر تەرىپىدىن «جىن كومىسسار» دەپ ئاتالغان بۇ كىشى «خىتاي بىر ئەجدىھا، ئامېرىكا بىر بۆركۆت، ئەنگلىيە بىر شىردۇر. ئەجدىھا ئويغانغاندا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئوزۇقتۇر، خالاس» دېگەندەك كۆرەڭ سۆزلىرى ئارقىلىق زور ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى.(43) «خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى» خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان جىن سەنروڭ خىتايدىكى ئەڭ داڭلىق خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇمۇ يېقىندا ئامېرىكانى زىيارەت قىلغاندا FBI نىڭ سوئال-سوراققا دۇچ كەلگەن ۋە بۇ تەدبىرلەرنى «بىمەنە» دەپ ئەيىبلىگەن.(44) ئۇنىڭمۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ نىقاب تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بار. مەسىلەن، ئۇ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ۋە «خىتاي خەلقئارالىق ئاممىۋى مۇناسىۋەت جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسىدۇر.(45)

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى مەيلى ئىسلاھاتچى ياكى مۇتەئەسسىپ، مەيلى قاتتىق قول ياكى مۆتىدىل بولسۇن، ھەرخىل ئارقا كۆرۈنۈشتىكى نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ (يەنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى) خىتاي جەمئىيىتىنىڭ ھەرقانداق ساھەسىگە قولى يېتىدىغان، ئەڭ سەزگۈر نىشانلارغا، يەنى دۇنيا رەھبەرلىرىگە قارىتا ھەرىكەت تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىستىخبارات ئورگىنىدۇر.

# 11 ـ باب: خىتاي ھەرگىز ئۆز دوستلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ: سەرخىللارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش

جېك بىجيەن ۋە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈشى»دىن ئىبارەت مودا ئېقىمى سان ـ ساناقسىز مەستانىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. 2004 ـ يىلى، يەنى جېك بىجيەن «بوئاۋ مۇنبىرى»دە بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىر يىلدىن كېيىن، ھىندى ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى داڭدار ئەربابلار يەنە بىر قېتىم خېنىنەڭگە يىغىلىپ، «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» تېمىسىدا مەخسۇس يۇملاق ئۈستەل يىغىنى ئاچتى. بۇ قېتىم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارالىق جەلپ قىلىش كۈچىدىن قىلچە ئەنسىرىمىگەن جېك بىجيەن مۇنداق دېدى: «<خىتاي تەھدىتى>، <خىتاينىڭ يىمىرىلىشى> قاتارلىق نەزەرىيەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان مەۋجۇت ئارقا كۆرۈنۈشتە ... مەن يېقىندا كىشىلەرنىڭ <خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى> تېمىسىغا تولىمۇ قىزىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.»(1) گەرچە بۇ چاغدا جېك بىجيەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئۇقۇم پارتىيە رەھبەرلىرى تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنماس بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان سەرخىللار «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسىنىڭ تولىمۇ تېز ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىسپاتى ئىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا مەزكۇر ئۇقۇمنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى يېتەرلىك دەلىلى ئىدى.

جېك بىجيەن «تىنچلىق، تەرەققىيات، ھەمكارلىق» شوئارى بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان بىر قاتار قەھۋە رەڭلىك ئورۇندۇقتا بېرىپ ئولتۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فىلىپپىن، مېكسىكا ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ سابىق دۆلەت رەھبەرلىرى بولغان فىدېل ۋالدېز راموس (Fidel Valdez Ramos)، ئېرنېستو زېدىللو (Ernesto Zedillo) ۋە بوب خاۋك (Bob Hawke) نۇتۇق سۆزلىگەن. بۇ يىغىنغا يەنە شۇنىڭدىن ئالاھەزەل ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئالىي ۋەكىلى بولغان سابىق پرېزىدېنت جورج W بۇشمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشىنى «ئاسىيا ئۈچۈن ۋە ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن، كىشىنى تولىمۇ خاتىرجەم قىلغۇچى ھەمدە ئىنتايىن مۇھىم» دەپ ماختىغان.(2)

ئۇلارنىڭ ئالدىدا، دۇنيادىكى ئون نەچچە داڭدار سىياسىيون، سودىگەر ۋە ئاكادېمىك تەشتەكلىك گۈللەر بىلەن قورشالغان يوغان ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. شۇ كۈنى ئەڭ دەسلەپتە نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ بىرى راند شىركىتىنىڭ ئىقتىسادشۇناسى چارلىز ۋولف بولۇپ، (يۇقىرىدىمۇ ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك) ئۇنىڭ «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسى خىتاي دۆلەت

بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ۋاشىڭتوندىكى دائىملىق سۆھبەتداشلىرى نۇتۇق سۆزلىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا، ۋاشىڭتوندىكى «ئىستراتېگىيەلىك ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى»نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جون خامىر (John Hamre)، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى، شۇنداقلا گولدمەن ساكسىنىڭ (goldman sachs) سابىق بىرلەشمە رەئىسى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە برۇكىڭس ئىنستىتۇتىغا ئەڭ كۆپ پۇل ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان جون سورتون (John L. Thornton) قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى دىڭ كۈيسوڭ ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر مىنىستىرلىقتىكى نۇرغۇن كونا دوستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە ئاكادېمىكلىرىمۇ بار ئىدى. شۇ يىغىنغا يەنە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جىسى ۋە خوڭكوڭدىكى «سۇمرۇغ ئاخبارات ئىمپېرىيەسى»نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سابىق ئوفىتسېرى لىيۇ چاڭلېمۇ (Liu Changle) قاتناشقانىدى.(3)

مەزكۇر يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنىنىڭ كۆن تەرتىپى كىشىگە خۇددى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىدە نىشانلانغان ساھەلەرنىڭ ۋە ھېكايىلەرنىڭ تىزىملىكىدەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، ئامېرىكا ـ خىتاي ـ مۇناسىۋىتى، خىتاينىڭ تەرەققىياتىدىكى توسالغۇلار ۋە تاراتقۇلارنىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش»نى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى قاتارلىقلار ھەققىدە پىكىرلەشتى. كەچلىك تاماقتا، سۆھبەت دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ پارتىيەنىڭ پىلانىدا ئوينايدىغان رولىغا يۆتكەلدى. گوللاندىيە ئېلېكترون ماگىناتى فىلىپس شىركىتى شۇ قېتىملىق يىغىننى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىدىكى دىڭ كۈيسوڭ بىلەن بىللە بۇ تېمىدا سۆز قىلىشقا ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» فىلىپس شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارىنىڭ خىتاي باش مىنىستىرى ۋېن جياباۋ بىلەن كۆرۈشۈشىگە ياردەم بەرگەنىدى.(4) يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى، «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» فرانسىيە ۋە ياپونىيە ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، بۇ ئىككى دۆلەت خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ئىستىخبارات ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدۇر.(5)

خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى «بوئاۋ مۇنبىرى»دىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىۋاتاتتى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ «تىنچ قەد كۆتۈرۈش» تېمىسىدىكى يۇمىلاق ئۈستەل يىغىنى شۇنىڭدىن كېيىنكى يىلىمۇ ئوخشاشلا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۆپ كىشىنى جەلپ قىلدى. «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» شۇ قېتىملىق يىغىننى نيۇيوركتىكى «ئاسىيا جەمئىيىتى» بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، يىغىندا سىنگاپورلۇق سىياسىيون لى گۇاڭياۋ (李光耀)، نېپال ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى كىرتى نىدى بىستا (Kirti Nidhi Bista)، فرانسىيە پرېزىدېنتىنىڭ

مەسلىھەتچىسى جېروم مونود (Jérôme Monod) ۋە كورىيە پرېزىدېنتىنىڭ مەسلىھەتچىسى مۇن چۇڭئىن (Moon Chung ـ in) سۆز قىلدى.(6) ئامېرىكانىڭ چوڭ تاشقى سىياسەت تەتقىقات تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ يىغىنغا يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىل ئەۋەتكەنىدى. يىغىن ئارىلىقىدا، جېك بىجىيەن ۋە ئۇنىڭ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىغا تەۋە گۇماشتىلىرى جون سورنتون (12 ـ بابقا قاراڭ) قاتارلىق مۇھىم خەلقئارالىق ئالاقىچىلىرى بىلەن ئايرىم ئۇچرىششتى.(7)

ئۇلارنىڭ ئەسلى نىيىتىنىڭ شۇنداق ياكى ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خەلقئارالىق داڭدارلار ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ، كىشلەرنى «خىتاي كومپارتىيەسى جېك بىجيەن تەسۋىرلىگەن يولدا ماڭىدۇ» دېگەن ئاساسسىز ئۈمىد قوينىغا سۆرەپ كىردى. ئۇلارنىڭ مەزكۇر تەكلىپكە بولغان كونكرېت كۆز قارىشى ئوخشىماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»گە كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بۇ مۇنبەرنىڭ خەلقئارادىكى ئالاقە تورىنى ۋە بۇ مۇنبەردە ئىشلەۋاتقان خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى خادىملىرىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتتى. ئەلۋەتتە، خىتاينىڭ «تىنىچ قەد كۆتۈرۈش» نەزەرىيەسىنىڭ تەشۋىقات ھېكايىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيەنىڭ مەخپىي جاسۇسلىرى (بۇلارنىڭ بەزىلىرى يىغىن ئەھلىنىڭ يېنىدىلا ئولتۇراتتى) ئېلىپ بېرىۋاتقان مەقسەتلىك تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنلەر يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى.

«خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى» بوئاۋ مۇنبىرىگە توپلىغان بارلىق نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە، بوب خاۋك خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ سەۋرچانلىقىنى ھەمدە سەرخىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى ئىزچىل سۇيىئىستېمال قىلغانلىقىنى؛ شۇنداقلا مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ «پارتىيەنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش»نى ئۆزىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ۋە كىشلەرنى مۇرەسسەگە زورلاش جەھەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالى سۈپىتىدە قانداق بازارغا سالىدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

## بوب خاۋك

1983 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە ئاۋسترالىيەنىڭ باش مىنىستىرى بولغان خاۋك خىتاي بىلەن قويۇق ئالاقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك دەپ قارايدىغانلاردىن ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاۋسترالىيەمۇ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ مېۋىسىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئاۋسترالىيە خىتاي بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشتا خېلىلا كېچىككەن بولۇپ، ئۇ 1973 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. بىر قانچە نۆۋەتلىك ئاۋسترالىيە باش مىنىستىرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن خىتايغا بېرىپ پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن شەخسىي ئالاقە ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. 1980 ـ يىللارنىڭ

ئوتتۇرىلىرىدا، خاۋك خۇ ياۋباڭ ۋە ئۇنىڭ باش مىنىستىرى جاۋ زىياڭنى كۆتۈۋالدى، ئاۋستىرالىيەلىك خىتايشۇناس جېرېمىي بارمې (Geremie Barmé) بۇنى ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى «شىددەت بىلەن كۆچىيىۋاتقان بۇرادەرلىك» دەپ ئاتىدى. بۇ خىتاينىڭ ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخىدىكى ئەڭ ئۈمىدۋار مەزگىل ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا روياپقا چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. پارتىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر چىقىشقاق، دۇرۇس، ئىقتىسادىي (ھەتتا سىياسىي) لىبېراللاشتۇرۇشقا سادىق كىشىلەر ئىدى. بۇ ھەقتە، خاۋك مۇنداق دېگەنىدى: «مەن شەخسەن جاۋ زىياڭ بىلەن تولىمۇ چىقىشىپ ئۆتەتتىم، بىزنىڭ پىكىر-مەپكۇرىلىرىمىز ئوخشايتتى.»(8)

ۋەھالەنكى، خاۋكنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى دوستلىرى مەغلۇبىيەتچىلەر ئىدى. بۇ ھەقتە بارمې مۇنداق دەپ يازىدۇ: بوران-چاپقۇننىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى، مەسىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 1983-يىلىدىكى «مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ ھەقىقىي ھېكايىسىنىڭ قىستۇرمىسى، دەپلا قارالغانىدى. خۇ ياۋباڭ ئۆز تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ۋە سىياسىي ئىسلاھات چاقىرىقىغا مايىل بولغانلىقى سەۋەبلىك ئاغدۇرۇلۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبلىك باشلانغان تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى نامايىش دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇلدى.(9) خۇ ياۋباڭ ياقىلىغان ھەر بىر پرىنسىپقا قايتۇرۇلغان بۇ ئەمەلىي رەددىيە خاۋكنى قاتتىق چۆچۈتكەنىدى. خاۋكنىڭ ئەسلىمىسىگە كۆرە، (قارىماققا زېرەك قۇشقاچقا ئوخشايدىغان) خۇ ياۋباڭ بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋستىرالىيەنىڭ پىلبارار قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى تۆمۈر كانىغا بارغان بولۇپ، خۇ ياۋباڭنىڭ ئالدىن تەييارلانغان ماتېرىياللارغا قارىماستىن، كەيپىگە كۆرە گەپ قىلىپ كېتىدىغان خۇيى ئۇنىڭغا تولىمۇ ياققان. خاۋكنىڭ ئايالى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئاپتورى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «خاۋك مۇنداق ئىككى سەۋەب تۈپەيلى ھاڭ-تاڭ قالغانىدى. بىرى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قورقۇنچلۇق تەرزدە ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ئىدى؛ يەنە بىرى، خاۋك بۇنى خىتاي ئۈچۈن بىر مەيدان ئاپەت، دەپ قارىغانىدى.»(10)

خاۋك تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنىڭ دەھشەتلىك تەپسىلاتلىرى ھەققىدە سۆز قىلىۋېتىپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ كانبېررادىكى پارلامېنت بىناسىدا يۈزلىگەن كىشىگە تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدا سۆز قىلغانىدا، ئۇنىڭ ئالدىغا قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان «ماتەم» دېگەن خەت يېزىلغان خىتايچە دەپنە گۈل چەمبىرىكى قويۇلغانىدى. ئۇ تىترىگەن ئاۋازدا مۇنداق دېگەنىدى: «مىڭلىغان كىشى ئۆلتۈرۈلدى ۋە يارىلاندى، ئۇلار ھوقۇقنىڭ تىزگىنىنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىنمۇ يانمايدىغان رەھبەرلەرنىڭ قۇربانلىرىدۇر.» ئاندىن، خاۋك ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان نۇتۇق تېكىستىدىن بىر نەچچە ئابزاس ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە بىر يۈرۈش خاتىرىلەرنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋستىرالىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ئەۋەتكەن مەخپىي تېلېگراممىدىكى مەزمۇنلارنى بىۋاستە ئوقۇشقا باشلىدى. مەزكۇر تېلېگراممىغا كۆرە، شۇ ھەپتىدىكى

مالىمانچىلىق ۋە زەربىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئون مىڭدىن ئاشىدۇ دەپ مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، بۇ خىتايچىدىكى «ئونمىڭلىغان» ياكى «ناھايىتى كۆپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «成千上万» دېگەن سۆزنىڭ ئۆلۈك تەرجىمىسى ئىدى. گەرچە ئەينى چاغدا ھەربىي ماشىنىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جەستىنى مجىپ، ئۆلارنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپلەر ئاساسسىز بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى راست ئىدى. يۈزلىگەن بىگۇناھ پۇقرا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بېيجىڭنىڭ كوچىلىرى شۇلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغانىدى. يەنە ھاياجانلانغان ئەسكەرلەر ئەتراپتىكى بىنالارغا قالايمىقان ئوق ئاتقاندىمۇ بەزى كىشىلەر ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. ۋېلسىپىتلىرى بىلەن قوشۇپلا تانكا تەرىپىدىن يانچىۋېتىلگەنلىكتىن شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن جەسەتلەر شەھەرنىڭ مەركىزىي كوچىسىدا ياتاتتى.(11)

تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. خاۋك يۇقىرىقى نۇتقىنى سۆزلەپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋستىرالىيەدىكى بارلىق خىتاي پۇقرالىرىنىڭ ۋىزىسىنى ئۇزارتىپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ كابىنېتنى ھەيران قالدۇردى، شۇنداقلا ئاخىرىدا 42 مىڭ خىتاي پۇقراسىغا پاناھلىق بېرىلدى. بۇ ئاۋستىرالىيەدىكى خىتاي جامائەتچىلىكىنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقەدۇر. خاۋك كېيىن بۇ ھەقتە: «مېنىڭ خىتاي خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببىتىم بار» دېگەن.(12)

دەل مۇشۇ خىل ھېسسىيات ئۇنى خىتايغا باغلاپ، ئۇنىڭ ھەتتا 1989 ـ يىلدىن كېيىنمۇ خىتاينىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىنىلا كۆرۈشكە سەۋەب بولغان. خاۋك ئەسلىدە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاينى زىيارەت قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىق سەۋەبىدىن بۇ پىلاننى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. خاۋك بۇ ھەقتە: «شەخسىي مۇناسىۋەتلەر بەكلا يىراقلىشىپ كەتتى» دېگەن.(13) خاۋك 1991 ـ يىلى باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كەسپىي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنى باشلىدى. ئۇنى ئۆزگە تارتىۋاتقىنى يەنىلا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ جەلپكارلىقى بولۇپ، ئۇ سىياسىيون ۋە دۆلەت رەھبىرى بولغان چاغلىرىدىمۇ دەل شۇنىڭغا مەپتۇن بولغانىدى.

## بېيجىڭغا قايتىش

بوب خاۋك تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى ئۈچۈن ياش تۆكۈپ تۆت يىلدىن كېيىن، خىتاينىڭ سىدنېيدىكى كونسۇلى ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سوراپ ئۈچۈر يوللىغان. خاۋك 1986 ـ يىلدىن كېيىن خىتايغا بېرىپ باقمىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ئىشخانىسىغا كەلگەن خىتاي كونسۇلىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئوڭايسىزلىق ئىلكىدىكى سالام ـ سەھەتتىن كېيىن،

خىتاي كونسۇلى خاۋكقا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن خىتايىنى زىيارەت قىلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سوراشقا ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئاخىرىدا، پارتىيە رەھبەرلىرى خاۋكقىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنياغا «دوستلۇق» قولىنى سۇنغانىدى. خاۋك بۇ پۇرسەتنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. گەرچە «4-ئىيۇن تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى» ھېلىھەم ئۇنىڭ ئېسىدە بولسىمۇ، ئەمما «بۇ مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، ئۇنىڭ يەنىلا (خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتىكى) بۇ قەدەمنى باسقۇسى بار ئىدى.» (14)

خاۋك شۇ يىلى 7-ئايدا بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، ئۇشبۇ تەكلىپنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئويلانغان ھەمدە بۇ ھەقتە «بۇ (خىتاي) رەھبەرلەرنىڭ چوڭقۇر ئەقىل-پاراستى ۋە تەپەككۇرىنى نامايان قىلدى» دەپ باھا بېرىپ، بۇنىڭدىن كۆچلۈك پراگماتىزملىقنى ۋە ئىختىلاپلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش خاھىشىنى كۆرگەن. ئۇ گېتىسبۇرگ نۇتقىنىڭ (Gettysburg Address ـــ پرېزىدېنت لىنكېننىڭ 1863-يىلى 11-ئاينىڭ 19-كۈنى گېتىسبۇرگدىكى دۆلەتلىك قەبرىستانلىقتا سۆزلىگەن نۇتقى، ت) ئېنگلىزچە تېكىستىنى قويۇق خىتايچە تەلەپپۇزدا دېكلاماتسىيە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان خىتاي باش سېكرېتارى جياڭ زېمىن بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ۋە جياڭ زېمىن تەييار بولغانغا قەدەر دىياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا ساقلاپ تۇرغان.(15) ئاخىرىدا، ئۇ خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىرىنىڭ تۇرالغۇ رايونىدىكى بىر يىغىن زالىغا ئاپىرىلغان ۋە بۇ يەردە جياڭ زېمىننىلا ئەمەس، سىياسىي بيۇرونىڭ باشقا دائىمىي ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە ئادەمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن.

خاۋك ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يىغىن زالىغا كىرىشىمگە، جياڭ زېمىن ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قاراپ كەلدى ۋە: ‹خاۋك ئەپەندى، سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار› دېدى. مەن ئىچىمدە: ‹قاغىشتەگكۇر! ئۇ زادى نېمە ئىش بولغىيدى؟› دەپ ئويلىدىم.» جياڭ زېمىن ئۇنىڭ تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئەلۋەتتە ئەستىن چىقارمىغانىدى. شۇنداقلا، ئۇ خاۋكنىڭ ھوقۇق سەھنىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلانغان سابىق باش سېكرېتار (جاۋ زىياڭ) بىلەن بولغان دوستلۇقىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. پارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ چەتئەللىكلەرگە ۋەزخانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەش ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ ئاندا-ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان «كەڭ قورساقلىقى»غا ئوخشاشلا داڭلىق ئىدى. ۋەھالەنكى، جياڭ زېمىن ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ مۇنداق دېگەن: «خاۋك ئەپەندى، خىتاي ئۆز دوستلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىز شۇنى بىلىشىڭىزنى خالايمىزكى، بىز سىزنى ئەڭ يېقىن دوستلىرىمىزدىن بىرى دەپ قارايمىز.» ئۇزۇن كۈتۈش ۋە يىغىنىنىڭ «شاھانە» كەيپىياتى سەۋەبلىك خاۋكنىڭ ۋۇجۇدىدا شەكىللەنگەن جىددىيلىك شۇ ۋاقىتتىلا يوقالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنىڭ خىتايغا ۋە خىتاي خەلقىگە بولغان مۇھەببىتىمنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇلار بۇنى چۈشىنىپ، مېنى قارشى ئالدى. ئۇ تولىمۇ قالتىس پەيت ئىدى.»(16) شۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرىلا، ئاۋستىرالىيەنىڭ شۇ چاغدىكى باش مىنىستىرى پاۋل كىتىڭمۇ (Paul Keating) بېيجىڭنى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئاۋستىرالىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى ئۇنىڭ كۆنتەرتىپىنى «سودا، سودا، يەنە سودا» دەپ تەسۋىرلىگەنىدى.(17) «خەلق گېزىتى» ئۆزىنىڭ باش بېتىدە خاۋكنىڭ زىيارىتى ھەققىدە

دوكلات بېرىپ، جياڭ زېمىننىڭ خاۋكىنىڭ ئاۋستراليىنىڭ ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى تەكىتلەشتىكى «يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى»نى قانداق ماختىغانلىقىنى بايان قىلدى. (18) 1989 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، خاۋك «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى» قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

شۇنداق قىلىپ، خىتاي بىلەن ئاۋستراليە رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى ئالاھىدە «بۇرادەرلىك» قايتىدىن ئىزىغا چۈشتى. خاۋك ئاخىرىدا ئۆيىدە نەزەربەند ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەن جاۋ زىياڭنىڭ تەقدىرىنى «ئىنتايىن ئېچىنىشلىق» دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەزىرىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش يەنىلا ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، نۇرغۇن كىشىلەر «خىتاينىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىدۇ، خىتاي سىياسىتىمۇ (شۇنىڭغا ماس ھالدا) تەبىئىيلا قوبۇل قىلارلىق ھالغا كېلىدۇ» دەپ قارايتتى.(19) نەتىجىدە، تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى مەسىلىسى بىر چەتكە قايرىپ قويۇلدى، ئۇنداق بولمىسا خاۋكىنىڭ خىتاي بىلەن ھەمكارلىقنى داۋاملاشتۇرالىشى مۇمكىن بولمايتتى.

ھالبۇكى، پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ غەربىزى باشقا ئىدى. جياڭ زېمىندىن سىرت، تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن «بېيجىڭلىق جاللات» دەپ ئاتالغان كونسېرۋاتىپ باش مىنىستىر لى پېڭمۇ (李鹏) خاۋكنى كۈتۈۋالغانلارنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالدى. تيەنئەنمېندىكى قىرغىنچىلىق جياڭ زېمىن بىلەن لى پېڭنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ھەل قىلغۇچ نۇقتا بولۇپ، ئۇلار شۇ ۋەقە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى كۈچىنى مۇستەھكەملىۋالغانىدى. مەزكۇر قىرغىنچىلىقتىن بۇ ئىككىيلەندىن كۆپرەك پايدا ئالغانلار بولمىسا كېرەك. ئۇلار سىياسىي ئىسلاھاتنى قوللىغان ۋە پارتىيەنىڭ ناباپ قىلمىشلىرىغا قارشى چىققان (جاۋ زىياڭ باشچىلىقىدىكى) پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالغانلىقىنى بىلگەنىدى.

گەرچە جياڭ زېمىن دۆلەت سىرتىدا «غەربكە ئالاھىدە مېھرى بار» ــ بولۇپمۇ شى جىنپىڭغا سېلىشتۇرغاندا ــ ئىدراكىي رەھبەر سۈپىتىدە تونۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاھاڭى چەتئەلدىكىدىن تامامەن پەرقلىق ئىدى. يېڭىدىن بايقالغان ئىچكى ھۆججەتتە بۇ كىشى ھەققىدە باشقىچە نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرىغا چىقتى. خاۋك خىتاينى زىيارەت قىلىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، جياڭ زېمىن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەخپىي يىغىنىدا سۆز قىلىپ، «غەرب دەرۋەقە خىتاينىڭ مالىمانچىلىققا پېتىپ قېلىشىنى كۆرۈشنى خالايدۇ» دەپ جار سالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «كاپىتالىزم يەنىلا سوتسىيالىزمنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ كويىدا» بولۇپ، ئامېرىكا ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىس ـ تۈتەكسىز دۇنيا ئۇرۇشى» قىلىۋاتاتتى. جياڭ زېمىننىڭ بۇنىڭغا قايتۇرغان ئىنكاسى شى جىنپىڭنىڭ بۈگۈنكى كۆندىكى ئىنكاسىغا ناھايىتى ئوخشايدىغان بولۇپ، ھەر ئىككىسى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ «مۇقەددەسلىكى»نى تەكىتلەيدۇ. جياڭ زېمىن يىغىنغا قاتناشقان ئىستىخبارات خادىملىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نومۇسلۇق يىمىرىلىشىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىزنىڭ مۇستەھكەم سىياسىي ھاكىمىيىتىمىز ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان دېموكراتىك خەلق دىكتاتۇرامىز بولمىسا، ئۇنداقتا باشقا ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىشنىڭ

ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق. ئەگەر سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار بىز ئۈچۈن قولغا كەلتۈرگەن ھاكىمىيەتنى قولدىن بېرىپ قويساق، ئىقتىساد ھەرقانچە تەرەققىي قىلىپ كەتسىمۇ نېمە پايدىسى بولسۇن؟»(20)

خاۋكىنىڭ نەزىرىدىكى خىتاي بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خىتاي تامامەن پەرقلىق ئىككى نەرسە ئىدى. خاۋكىنىڭ بېيجىڭغا قايتا بېرىشىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىغا ئالاقىدار نامەلۇم تەپسىلاتلار بۈنى ھەممىدىن ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. گەرچە بۇ تەكلىپ باش كونسۇلخانا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما خاۋكىنى رەسمىي كۈتۈۋالغىنى «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» (CISM) دەپ ئاتىلىدىغان «ئادەتتىن تاشقىرى» تەتقىقات ئاپپاراتى ئىدى.(21) بۇ تەشكىلات خىتاينىڭ دۇنيا رەھبەرلىرى بىلەن دوستلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى كۆتۈرۈش ئۇرۇنۇشىدا ئۆتەڭلىك رولىنى ئوينايتتى. جياڭ زېمىن خاۋك بىلەن كۆرۈشكەن كۈنى يەنە تايلاندنىڭ سابىق باش مىنىستىرى چاتىچاي چونخاۋان (Chatichai Choonhavan) بىلەنمۇ كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇمۇ «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ تەلىپىگە بىنائەن خىتاينى زىيارەت قىلغانىدى.(22)

«خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» خاۋكنى ئۆزىنىڭ تۇنجى چەتئەللىك مەسلىھەتچىسى قىلىپ تاللىدى ۋە ئۇنىڭ زىيارىتىنىڭ «شەرپى»گە خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ «كەلگۈسىدە شەرقىي ئاسىياغا پۇرسەت بېرىلىشى كېرەك» تېمىسىدىكى نۇتقى مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تەسىردار ژۇرنىلىنىڭ بىرىنچى سانىدىكى باش ماقالىگە ئايلاندى. (23) «چەتئەللىكلەرگە ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلغۇچى» ۋاڭ شياۋدوڭ (Wang Xiaodong) بۇ تەشكىلاتنىڭ دائىمىي قەلەمكەشلىرىدىن بىرى بولۇپ، خاۋكىنىڭ ماقالىسىنىمۇ شۇ تەرجىمە قىلغانىدى.(24) بۇ ژۇرنال ئەينى چاغدا فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى يەرلىك ئەمەلدار بولغان شى جىنپىڭغا ئوخشاش «قىزىل خان جەمەتى ئەزالىرى» ئۆز ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك نىشانغا ئايلانغان. مۇھىمى، بۇ تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپى چىن چاۋيىڭ (Qin Chaoying) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقات ئاپپاراتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى بولۇپ، شى جىنپىڭ جەمەتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى.(25)

خاۋك ئۆزىنىڭ «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»دىكى ئالاقە تورى كەڭ دوستلىرىنىڭ ئىستىخبارات ساھەسىگە چوڭقۇر باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. چىن چاۋيىڭ ئۆزىمۇ كېيىن خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي ئىسلاھات مۇنبىرى»نىڭ ئەزاسىغا ئايلانغانىدى.(26) خىتاينىڭ تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن خاۋك قاتارلىق دۇنيا رەھبەرلىرىگە قۇچاق ئېچىشى كەسپىي تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىدى.

بۇ ئىنستىتۇت خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى بىلەن تولغانىدى. خاۋكىنىڭ «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ مەسلىھەتچىسىلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تارتىلغان سۈرەتتە ئاجايىپ كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولغانىدى. سۈرەتتە باش كاتىپ چىن چاۋيىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ ئالدىدىكى خاۋكقا سوۋغا تەقدىم قىلغان. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يۈ ئېنگۋاڭ ئۆزىنىڭ بەلگىسىگە

ئايلىنىپ قالغان كىلاسسىك كۆزەيىنكىنى تاقاپ، سۆرۈن تەلەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ خاتىرىسىدە ئۇ پەقەت مۇشۇ «ئىنستىتۇتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى ۋە خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى» دەپلا سۈپەتلەنگەن. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى يۈ فاڭ بولۇپ، ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ چەتئەللىك سەرخىللارنى تىزگىنلەشكە مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى ئىدى.

يەنە شۇ رەسىمدە، تەشكىلاتنىڭ يەنە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى، شۇنداقلا باش كاتىپ چىن چاۋيىڭنىڭ دادىسى چىن چۈەن (Qin Chuan) يۈ ئېنگۋاڭنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى. «خەلق گېزىتى»نىڭ سابىق باش مۇھەررىرلىك سالاھىيتى بىلەن تونۇلغان چىن چۈەن ئەينى چاغدا خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ يەنە بىر نىقاب تەشكىلاتى بولغان «خىتاي خەلقئارالىق كۇلتۇر نەشرىياتچىلىق شىركىتى»نىڭ باش دىرېكتورى ئىدى. چىن چۈەن بۇ شىركەتنىڭ مەسئۇلى بولغان مەزگىلدە، خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئۆزىنىڭ ئامېرىكا، سىنگاپور، خوڭكوڭ ۋە ياپونىيەدىكى ھەرىكەتلىرىنى نىقابلاش ئۈچۈن بۇ شىركەتتىن پايدىلانغانىدى. FBI نىڭ ئىستىخبارات مۇلكى بولغان كاترىنا لياڭنى باشقۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلاتلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. (27) خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شۇنداقلا بۇ مىنىستىرلىقنىڭ ئەسلىدىكى گەۋدىسى بولغان ئورگاننىڭ باشلىقى لو چىڭچاڭمۇ (Luo Qingchang) «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ ئەزاسى ئىدى. خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇشتىن ئىلگىرى، مەزكۇر مىنىستىرلىقنىڭ خادىمى سۈپىتىدە ھىندىستان ۋە خوڭكوڭدا ئىشلىگەن يەنە بىرەيلەنمۇ مۇشۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئەزاسى ئىدى.(28) بۇ ئىنستىتۇتتا ھەربىي ساھەدىكىلەرمۇ كۆپ نىسبەتنى ئىگىلەيتتى. «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» ئەسلىدە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە قاراشلىق ئاقىللار ئامبىرى سۈپىتىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىستىخبارات ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى يىغىپ، مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە دوكلات يېزىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن ئىككى ھەپتە كېيىن، بۇ گۇرۇپپىنىڭ خەلقئارالىق باردى ـ كەلدىلەرنى قىلىشقا يول قويۇلۇپ، «ئېچىۋېتىلگەن» ئاپپاراتقا ئايلاندى. خىتاي ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنىڭ لايىھەچىسى، سابىق مۇئاۋىن باش مىنىستىر گۇ مۇ (谷牧) بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئىدى (ئۇنىڭ ئوغلى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئىستىخبارات ئەمەلدارى ئىدى).(29) خىتاي ئارمىيەسىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ۋە سىياسىي ئۇرۇش بۆلۈمىدە كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان «چولپان» شىن چىمۇ (Xin Qi) «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ يەنە بىر ئەزاسى ئىدى.(30)

«خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» خاۋك بىلەن دوستلىشىش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىستىخبارات تەھلىل قىلىش ئەنئەنىسىدىن سىرت، ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشقا ئۆتكەنىدى. شۇنداقلا، خاۋك نۇرغۇن نىشانلارنىڭ بىرى ئىدى. خاۋك خىتاينى زىيارەت قىلغان يىلى، «خىتاي

ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» يەنە RAND شىركىتى ۋە «ئاتلانتىك ئوكيان كېڭىشى»دىن ئىبارەت ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىدىكى ئىككى داڭلىق ئاقىللار ئامبىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتتى. كېيىن، ياپونىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى ھاتا سۇتومۇ (Hata Tsutomu) خاۋكىنىڭ ئىزنى بىسىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ يەنە بىر چەتئەللىك مەسلىھەتچىسىگە ئايلاندى.(31) يېقىندا، ياپونىيە جاسۇسلۇققا قارشى تۇرۇش خادىملىرى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بىر نەپەر گۇمانلىق خادىمىنىڭ ئامېرىكانىڭ ھەربىي بازىسى بار ئوكىناۋا ئارىلىغا سوقۇنۇپ كىرىپ سەزگۈر تېخنىكىلارنى ئوغرىلاش ھەرىكىتىدە، «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نى نىقاب قىلغانلىقىنى بايقىغان. (32)

## پۇل بىلەن ئىندەككە كەلتۈرۈش

خاۋكىنىڭ بايلىقى ئۇزۇندىن بۇيان سىر بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرۈنەرلىك ئىدى. ئۇ سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىدنېينىڭ شىمالىدىكى دېڭىز قىرغىقىدا، ئۆگزىسىدە گولف توپ مەيدانى بار تۆت قەۋەتلىك تاۋار داچا سالدى.(33) شۇنداقلا، 2019 ـ يىلى خاۋك ئۆلۈشتىن سەل بۇرۇن، بۇ داچا توققۇز مىليون دوللاردىن كۆپرەك پۇلغا سېتىلدى.(34) ئۇ ھاياتىدا خىتايغا يۈز قېتىمدىن ئارتۇق سودا سەپىرى قىلدى.(35) لېكىن، ئاۋستىرالىيەدىكى «Crikey» ژۇرنىلىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «كۆپ يىللاردىن بۇيان، خاۋك بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەپسىلاتنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى.»(36) يەنى مەزكۇر سابىق باش مىنىستىرنىڭ خىتايدا زادى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى سودا مەخپىيەتلىكى ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ 1993 ـ يىلى بېيجىڭغا قايتىشىدىن باشلانغان. خاۋك پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتايدىكى سودا پۇرسىتىگىمۇ قىزىقاتتى. «تاسادىپىي»لىقمۇ ئەيتاۋۇر، خاۋك شۇ قېتىملىق سەپەردە مېھمانخانىنىڭ كۈتۈش زالىدا ساقلاۋاتقاندا، بىرەيلەن ئۆزىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى جياڭ شياۋسوڭ (Jiang Xiaosong) بولۇپ، شۇ چاغدا ئەمدىلا ياپونىيەنىڭ كىنوچىلىق ساھەسىدىكى ئوقۇشى ۋە خىزمىتىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى خىتايدىكى ئەڭ داڭلىق كىنو چولپانلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلار سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئىسىم كارتىلىرىنى ئالماشتۇرۇپلا ئايرىلىشقان. ئەمما، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئىككىيلەن قايتىدىن ئالاقىلىشقان.(37) شۇ چاغدا خىتايدا كارخانىچى ۋە مەبلەغ سالغۇچى بولغان جياڭ شياۋسوڭ خەينەندىكى بوئاۋ دېگەن بېلىقچىلىق كەنتىنى خەلقئارالىق يىغىن مەيدانىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلاۋاتقانىدى. ئۇ خاۋكنى، فىلىپپىننىڭ سابىق پرېزىدېنتى فىدېل راموسنى (ئۇمۇ «خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ مەسلىھەتچىسىدۇر) ۋە ياپونىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى ھوسوكاۋا

موريخىرونى (Hosokawa Morihiro) مەزكۇر پروجېكتنىڭ ئوبراز ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىندەككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 2001 ـ يىلى «ئاسىيا بوئاۋ مۇنبىرى»نى قۇردى.(38)

خاۋك ختاي كومپارتىيەسىنىڭ سەرخىللارغا تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىرى بولغان «بوئاۋ مۇنبىرى»نى خېلى زور ئىناۋەتكە ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمۇ «ختاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»دىن خېلى كۆپ پايدىغا ئېرىشتى. خاۋك 1993 ـ يىلىدىكى زىيارىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار شىركەت قۇرماقچى بولدى ۋە مەندىن شۇ شىركەتكە مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى، مەنمۇ قوبۇل قىلدىم.»(39) ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشكەن بولۇپ، خاۋك قۇرۇلغۇسى بىرلەشمە كارخانىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بېكىتىش ئۈچۈن كېيىنكى يىلى يەنە بىر قېتىم ختايغا بارغان. بىر نەچچە كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا، ئىككى تەرەپ شىركەتنىڭ ئىسمى، ئىگىدارلىق ھوقۇقى قۇرۇلمىسى، خىزمەت ساھەسى ۋە باشقا ئىشلارنى بېكىتكەن.(40) خاۋك ئەسلىدە ئۇنىڭغا «ختاي ئىستراتېگىيەلىك مەبلەغ سېلىش مەسلىھەتچىلىك چەكلىك شىركىتى» دەپ ئىسىم قويماقچى بولغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا «لەنمو ئىستراتېگىيەلىك مەبلەغ سېلىش مەسلىھەتچىلىك شىركىتى» (Lanmo Strategic Investment Advisory) دېگەن ئىسمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان، چۈنكى ئادەتتە پەقەت دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى چوڭ شىركەتلەرنىڭلا ئۆز ئىسمىدە «ختاي» كەلىمىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، خاۋكنىڭ شىركىتى يەنىلا ئالاھىدە ئېتىبارغا نائىل بولغان. خاۋكنىڭ شىركىتىگە كارخانىلارنىڭ ئىسمىنىڭ بېشىدا تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ كۆرسىتىلىشىدىن ئىبارەت (مەسىلەن، «بېيجىڭ XXX شىركىتى» دېگەندەك) تەلەپ قويۇلمىغان.(41)

ختاي جاسۇسلىرىنىڭ تەتقىقات ئاپپاراتى بولمىش «ختاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ شىركەت قۇرۇشتىكى مەقسىتى نېمە؟ «ختاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى»نىڭ باش كاتىپى چىن چاۋيىڭ ئۆزىنىڭ سەرخىللىك ئورنىنى ۋە مەزكۇر ئىنستىتۇت تەمىنلىگەن سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنى تاۋارلاشتۇرۇشنى ئويلىغان. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن بىرى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «چىن چاۋيىڭ شاھزادىلەر پىرقىسىنىڭ (太子党 ــــ ختاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ھازىرقى ختاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بو شىلەي قاتارلىقلار بار) ئەزاسى بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇ ھەربىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئىدى. ئۇ ئادەتتە جىمغۇر بولۇپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا كەمدىن كەم گەپ قىلاتتى. ئەمما، سىز مۇۋاپىق پەيتتە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ كەڭلىكى، بىلىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە تەھلىللىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى سىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى. ئۇ غايەت زور سىياسىي غايىگە ئىگە ئادەم ئىدى.»(42) شۇنداقلا، ئۇ خاۋكنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى.

بۇ شىركەتنىڭ مەقسىتى خاۋك بىلەن چىن چاۋيىڭنىڭ خىتايدا سودا قىلماقچى بولغان چەتئەل شىركەتلىرىگە «ئىشىك ئېچىپ بېرىش» ئىقتىدارىنى بازارغا سېلىش ۋە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ چەتئەلگە يۈزلىنىشىگە ياردەم قىلىش ئىدى. خاۋك خىتايدا ۋە ئۇنىڭ سىياسىي قاتلىمىدا ئوبدانلا تونۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنى چىن چاۋيىڭنىڭ پارتىيەنىڭ سەرخىللار كۇلۇبىغا بولغان مۇرەككەپ چۈشەنچىسى بىلەن ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. بۇ شىركەتنىڭ بىر نەپەر سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «لەنمو شىركىتىنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، ئۇ خاۋكنىڭ غايەت زور خەلقئارالىق مۇناسىۋەت بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇنى <خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى>نىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تولىمۇ كۈچلۈك سىياسىي ۋە مەمۇرىي بايلىقى بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى.»(43) خاۋك «سىدنېي سەھەر خەۋەرچىسى گېزىتى»نىڭ (The Sydney Morning Herald) زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا ماختىنىپ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ خىتايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ياخشى، ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ ئىنتايىن قويۇق. مەن نەگە بېرىپ، كىملەر بىلەن كۆرۈشۈشنى بىلىمەن. مېنىڭچە، مەن خىتايدا باشقا ھەرقانداق ئاۋسترالىيەلىككە قارىغاندا بەكرەك داڭلىقمەن.»(44)

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، خاۋك ئويلاشمايلا ئۆزىنىڭ «ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان بولغان <خىتاي خەلقئارا ئىستراتېگىيەلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتى>دا خېلى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقىنى» ئېيتقان. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر ئىنستىتۇت بىل كلىنتوننىڭ 1996 ـ يىلىدىكى پرېزىدېنتلىق پائالىيىتىگە قانۇنسىز پۇل ئىئانە قىلغان ھەربىي ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ تارمىقى بولۇپ، خاۋك بۇ ئىنستىتۇتنىڭ «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىخەتەرلىك ئىستىخباراتى تارمىقىنىڭ باشلىقى» تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.(45) «مەن مۇشۇ جاسۇس باشقۇرۇش پېشۋالىرى ۋە تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر ئارقىلىق خىتايغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىمەن» دەپ ئويلىغان خاۋك: «مەن ئۇ يەردە قارار چىقىرىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلەر بىلەن سۆزلەشتىم» دېگەن.(46) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئاۋسترالىيە دىپلوماتلىرى سابىق رەھبەرنى بېيجىڭدا كۈتۈۋېلىشتا بەئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇلار چوقۇم خاۋكنى بېيجىڭدا قارشى ئېلىشقا ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنىڭ يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ياردەم قىلىشقا مەجبۇر ئىدى ـ يۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خاۋكنىڭ يېنىدىكى كىشىلەردىن ئەنسىرەيتتى.

مەزكۇر مەسلىھەت بېرىش شىركىتىنىڭ دەسلەپكى ئىشلىرى تولىمۇ راۋان بولغانىدى. پرېزىدېنت رونالد رېگاننىڭ سابىق دۆلەت سېكرېتارى گېنېرال ئالېكساندېر ھايگ (Alexander Haig) «لەنمو شىركىتى» بىلەن ھەمكارلىشىپ، خىتاينىڭ يادرو ئېنېرگىيەسى پىلانى ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە ياردەم بەرگەن. ئۇلار يەنە ئاۋسترالىيەدىكى بىر كانچىلىق شىركىتى، ياپونىيەدىكى كېرەكسىز نەرسىلەردىن تەكرار پايدىلىنىش شىركىتى ۋە خىتاينىڭ نۇرغۇن دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن سودا مۇئامىلىسى قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پروجېكتلىرىدىن بىرى، ئامېرىكادىكى ئەڭ چوڭ شىركەتلەرنىڭ ئالىي ئاپپاراتى بولغان «دۇنيادىكى چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ بىرلەشمە يىغىنى»نىڭ (The Conference Board) ۋەكىللىرىنى بېيجىڭدا پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش

ئىدى.(47) خاۋاك يەنە كومپارتىيەگە قىمارنى قانۇنىيلاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق خىتايدىكى ئات بەيگىسى ساھەسىنىڭ كېڭىيىشىدىن نەپكە ئېرىشمەكچى بولغان.(48)

گەرچە «لەنمو شىركىتى» دەسلەپكى مەزگىلدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، ئۇلار 2000-يىللارنىڭ مەلۇم پەيتىدە تارقىلىپ كەتكەن. خاۋاك 1998-يىلى: «مېنىڭ خىتايدىكى ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەزىلىرى مۇشۇ شىركەت ئارقىلىق بېجىرىلەتتى» دېگەن. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھەم خىتاي شىركەتلىرى، ھەم چەتئەل شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىقى بار ئىدى. مەسىلەن، ئۇ ئاۋستىرالىيە كانچىلىق ماگناتى «Fortescue Metals» شىركىتىنىڭ خىتاي مەسىلىلىرى مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ ئەزاسى ئىدى.(49) ئەمما، خاۋكىنىڭ چىن چاۋيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىستىخبارات ساھەسىدىكى ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەردار ھەقامساپىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئەھمىيىتى نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى، شۇنداقلا بۇنى بايقاش ئىنتايىن قىيىن ئىدى.(50)

«خىتاي ئىستراتېگىيە ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى» خاۋكنى خىتايغا تەكلىپ قىلغاندا، پارتىيە رەھبەرلىرىنى كۆرۈش نۇقتىسى بىلەن تەمىنلەپ، خىتاينىڭ چەتئەل سىياسىيونلىرى ئارىسىدا مۇھىم دوستلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈرۈنۈشىغا ماسلاشقانىدى. خاۋكىنىڭ ئۆزىنىڭ خىتاي شېرىكلىرىنىڭ كونتېرتىپىنى تولۇق چۈشەنگەن ياكى چۈشەنمىگەنلىكى گۇمانلىقتۇر. چۈنكى، ئۇلار پەقەت تىجارەتلا قىلغانىدى. بۇ ئېنگۋاڭغا ئوخشاش خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى ھەرگىزمۇ خاۋكنى ئۆزلىرى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشقا ئۈندىمەيتتى. بۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

ئەكسىچە، خاۋكىنىڭ قىممىتى شۇ ئىدىكى، ئۇ خىتاينى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا «بازارغا سالغان»، تېيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ئاۋستىرالىيەنىڭ خىتاي توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرگەن ۋە ئۆز ئىناۋىتىدىن پايدىلىنىپ «بوئاۋ مۇنبىرى»گە ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىش سۇپىلىرىنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتلىرى ئارقىلىق خىتاي ئىقتىسادىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك يۈكسىلىش ھېكايىسىگە بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاجايىپ» تەرزدە خىتاي قايتىشىدىن قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىلىق خىتاينىڭ «زامانىۋىلىشىۋاتقان ۋە لىبېراللىشىۋاتقان» ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈشكە ياردەم بەرگەن.(51)

نۇرغۇن ئاۋستىرالىيەلىكلەرگە نىسبەتەن، خاۋاك يەنىلا ئاۋستىرالىيە-خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بۇ دۆلەت بىلەن باردى-كەلدى قىلىش ئۆرنىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. 2020-يىلى، ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىدىكى جەيسىن كلېيېر (Jason Clare) خاۋكىنىڭ مىراسىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشەلمەيۋاتقانلىقىنى ۋە تېلېفونلىشالمايۋاتقانلىقىنى تەنقىدلىگەن. شۇنداقلا، ئۇ خىتاينىڭ ئاۋستىرالىيەگە قاراتقان ئىقتىسادىي زوراۋانلىقى توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشلارنى «تېلېفوندا ياكى يۈزتۇرانە ھەل قىلىش كېرەك. بوب خاۋاك بولغان بولسا، شۇنداق قىلغان بولاتتى» دېگەن.(52)

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

داۋامى كېيىنكى ساندا

* نەقىل مەنبەلىرى ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىغا مۇراجىئەت قىلىنغاي.



# خىتاينىڭ راھىلە داۋۇتقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېچىنىشلىق يوقىتىشتۇر

ئۆمەر قانات

# خىتاينىڭ راھىلە داۋۇتقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېچىنىشلىق يوقىتىشتۇر

ئۆمەر قانات

(بۇ ماقالە «دىپلومات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

2023-يىلى 9-ئاينىڭ 21-كۈنى، جاھان ئەھلى ئۇيغۇر ئىنسانشۇناس، دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ 2018-يىلى «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش» جىنايىتى سادىر قىلغان دېگەن باھانىدە خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. راھىلە داۋۇت 2017-يىلى غايىب بولغاندىن بۇيان، «دىيالوگ فوندى» ئۇنىڭ دېلوسىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن 28 قېتىم سۈرۈشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىسمىتىنى تېخى ئەمدى (يەنى جازا ھۆكۈم قىلىنىپ بەش يىلدىن كېيىن، ت) جەزملەشتۈرەلىدى.

ئەڭ ئەقەللىي مەلۇماتلار بەش يىلدىن بۇيان راھىلە داۋۇتنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئېيتىپ بېرىلمىدى. مەخپىي سوتلاش ۋە مەخپىي ھۆكۈم چىقىرىش خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسىدۇر. بۇ خىل مەخپىيلىكنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ نورمال ئەدلىيە تەرتىپى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەكسىچە، بۇ ۋىجدانغا ۋە ئىنسانىيلىققا قارشى جىنايەتتۇر.

راھىلە ئۇيغۇر فولكلور ۋە ئەنئەنە تەتقىقاتىدا خەلقئارادا تونۇلغان ئالىم بولۇپ، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر تەتقىقاتىنى قوغداش ۋە يېيىشقا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ ناھەق تۈرمىگە تاشلىنىشى نوقۇل ھالدا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭلا پاجىئەسى بولۇپ قالماستىن، يەنە ئىلىم ئەركىنلىكى، كۈلتۈرلەرنى قوغداش ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈنمۇ غايەت زور يوقىتىشتۇر. ئاكادېمىك ساھەدىكىلەر چوقۇم بۇنىڭغا قارىتا تەدبىر قوللىنىشى كېرەك.

راھىلەنىڭ ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسى ۋە ئىلمىي ئۇتۇقلىرى كەڭ ئېتىراپقا سازاۋەردۇر. ئۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»دىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر فولكلور تەتقىقات مەركىزى»نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە مۇدىرى بولۇپ، 2017-يىلغىچە ئىزچىل شۇ مەركەزدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ۋە تەشەببۇسلىرى ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ماددىي-مەنىۋى قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنىڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ.

راھىلەنىڭ غايىب بولۇش جەريانى سىرلىق بولۇپ، ئۇ 2017 ـ يىلى 12 ـ ئايدا غايىب بولغاندىن كېيىن، 2021 ـ يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سابىق خىزمەتداشلىرى ئاندىن ئۇنىڭ قامالغانلىقى ۋە قانۇنسىز شكايەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى، جۈملىدىن ئۇ زىيارەتچى تەتقىقاتچى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان نۇرغۇن ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئۇنىڭ سوتلىنىش نەتىجىسى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ئالالمىغان.

راھىلەنىڭ قاتتىق جازاغا ئۇچرىغانلىقى ئېنىقلانغان كۈنى يەنە بىر مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى دوكتور ئىلھام توختىنىڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغىنىغا توققۇز يىل توشۇشقا ئىككى كۈنلا قالغانىدى. ئىلگىرى بېيجىڭدىكى «مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ ئىقتىساد پەنلىرى دوتسېنتى بولغان ئىلھام توختى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇق ئىقتىسادىي، كۇلتۇرەل، دىنىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن قىلىنىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا قارىتىلغان بۇ خىل قاتتىق جازالار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان تېخىمۇ كەڭ زىيانكەشلىك ۋە كۇلتۇرەل يوقىتىش ئەندىزىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

«ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ (UHRP) بايقىشىچە، بۇ خىل زىيانكەشلىك ئەندىزىسى «21 ـ ئەسىردىكى سەرخىللار قىرغىنچىلىقىنىڭ بىر خىل شەكلى» بولۇپ، بۇ ئەندىزىدە بىلىم ۋە كۇلتۇر ساھەسىدىكى سەرخىللارنىڭ جىسمىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، كوللېكتىپ بىلىملەرنىڭ توپلىنىش مۇمكىنچىلىكى يوقىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە كۇلتۇرەل سەرخىللىرىنىڭ يوقىتىلىشى ئۇيغۇر كىملىكىنى تىزگىنلىگىلى ۋە سۈيىئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان ھالەتكە ئەكېلىش ئۈچۈن تولىمۇ ئىنچىكە پىلانلانغان ئىستراتېگىيەدۇر. شۇنداقلا، بۇ غەرەزلىك ھالدا يەرلىك بىلىم سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىش ئۇرۇنۇشىدۇر. «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى»نىڭ تەتقىقات دىرېكتورى دوكتور ھېنرىك سزادزىيېۋسكىغا (Henryk Szadziewski) كۆرە، بۇ ھازىرقى كۆپ خىل بىلىش نەزەرىيەسىگە (epistemology) سەھنە ھازىرلاپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئاكادېمىك ئېقىمغا زىتتۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ غەرىزى تولىمۇ ئېنىق: خىتاي دائىرىلىرى بازارغا سالغان «ئېچىۋېتىلگەن، ئىناق شەرقىي تۈركىستان» ھېكايىسى كۇلتۇرەل يوقىتىشنى ۋە سىستېمىلىق زۇلۇم سىياسىتىنى پەردازلايدىغان ئاشكارا تەشۋىقات نەيرىڭىدۇر. راھىلە داۋۇتقا ئوخشاش بىگۇناھ تەتقىقاتچىلار خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە مىراسلىرى ۋە كىملىكىنى يوقىتىش سىياستى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنماقتا.

ئەگەر ئاكادېمىك ئاپپاراتلار ئۆزىنىڭ كۆپ خىل بىلىم سىستېمىلىرىنى قوللاش دەۋاسىدا راستچىل بولسا، ئۇلار چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەت قوللانغانلىقىنى جاھان ئەھلىگە كۆرسىتىشى كېرەك. ئالدى بىلەن، ئىلمىي تەشكىلاتلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ساھەداشلىرى ئۈچۈن چۇقان سېلىشى كېرەك.

«ئامېرىكا ئىنسانشۇناسلىق جەمئىيتى» ۋە «ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيتى» قاتارلىق تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچى ۋە سۇپىلىرىدىن پايدىلىنىپ، راھىلەنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىشى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دۇچ كەلگەن ناھەق مۇئامىلىنى ئەيىبلىشى كېرەك.

ئۇندىن باشقا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، كورنېل ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە برىتانىي كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق راھىلە دەرس ئۆتۈپ باققان ئورگانلارنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دۇچ كەلگەن زۇلۇمغا قارشى رەسمىي ئېتىراز بىلدۈرۈش ئارقىلىق راھىلەنىڭ تۆھپىسىگە جاۋاب قايتۇرىدىغان ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى بار. راھىلە زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇپ خىزمەت قىلغان كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتى، پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ۋاشىڭتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭمۇ شۇنداق مەجبۇرىيىتى بار. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ ئورگانلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە چېتىشلىق بولغان خىتاي مائارىپ مىنىستىرلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قايتىدىن ئويلىششى كېرەك.

راھىلەنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشى شەخسىي پاجىئەگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر كۈلتۈرى ۋە كىملىكىگە قىلىنغان تېخىمۇ كەڭ ھۇجۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن يوقىتىشتۇر، چۈنكى ئۇ تەتقىقاتچىلىق ۋە بىلىملەردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ نىشانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز چوقۇم زۇلۇم ۋە كۈلتۈرەل ۋەيرانچىلىق ئالدىدا، راھىلە داۋۇت بىلەن، ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن ۋە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئادالەتنى، ئەركىنلىكنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنا ھۆرمەت قىلىنىشنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2023/09/chinas-unjust-life-sentence-for-uyghur-scholar-rahile-dawut-is-a-tragic-loss-for-humanity/



# شى جىنپىڭ خىتاينى يار لىۋىگە ئىتتىردىمۇ؟

ئېدۋارد لۇتۋاك

# شى جىنپىڭ خىتاينى يار لېۋىگە ئىتتىرەمدۇ؟

پروفېسسور ئېدۋارد لۇتۋاك

(بۈيۈك ئىستراتېگىيە، گېئوئىقتىساد، ھەربىي تارىخ ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن تونۇلغان ئىستراتېگىيەچى ۋە تارىخچى)

مۇستەبىت دۆلەتلەردە يۈز بەرگەن ـــ خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنىڭ تۇيۇقسىز يىمىرىلىشىگە ئوخشاش ـــ كرىزىسلەرنى ئالدىن ئالالايدىغان بىر دۆلەتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزىدىن مەنبەلەنگەن دەپ كېسىپ ئېيتىش قىيىن. مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىم كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. 1984 ـ يىلى مېنىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيەسى» ناملىق كىتابىم مەن «مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىۋاتىدۇ» دەپ قارىغان مىللەتلەرگە، جۈملىدىن ھەممىگە تونۇشلۇق، ئەمما ھېلىھەم تولىمۇ رايىش بالتىق دېڭىزى خەلقلىرىگە، ئەرمەنلەرگە ۋە گرۇزلارغىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ چوڭ زېمىنلارنىڭ ئىگىسى بولغان، ئەمما ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان قازاقلارغا، ئۆزبېكلەرگە، قىرغىزلارغا، تاجىكلارغا ۋە تۈركمەنلەرگە بېغىشلانغانىدى (شۇنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، ئۇكرائىنالىقلارنىڭ بۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم).

غەربتىكى داڭلىق سوۋېتشۇناسلارنىڭ ئورتاق ئىنكاسىغا كۆرە، مەن «ئەخمىقانە رەۋىشتە فولكلور كاتېگورىيەلىرىنى ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە نەپەس ئېلىۋاتقان مىللەتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن» ئىدىم. بۇ سوۋېتشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە، (مەن مۇستەقىللىقكە تەلپۈنۈۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن) مەزكۇر خەلقلەر پەقەت ئاندا ـ ساندا ھەجۋى دوپپىلىرىنى كىيىۋالىدىغان «سوۋېتلىقلار» بولۇپ، «ئۇلار مۇستەقىللىقنى خالىشى مۇمكىن» دېيىشىنىڭ ئۆزىلا سېپىدىن ئۆزىدىن خىيالپەرەسلىك ئىدى. ھالبۇكى، شۇنىڭدىن يەتتە يىل ئۆتۈپلا، سوۋېت ئىتتىپاقى رەسمىي يىمىرىلدى.

شۇنىسى شەكسىزكى، مىللەتلەر ئۆزۈنىغچە مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرسىمۇ، ئەمما ھاكىمىيەتلەرنىڭ يىمىرىلىدىغانلىقى شەكسىز. ئەمما، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىش ئەھۋالىنى ئادەتتىكى رەۋىشتە خىتايغا تەدبىقلىغىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە، خىتاي دائىرىلىرى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىدا 55 «ئاز سانلىق مىللەت» بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما بۇلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ پەقەت توققۇز پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. ھەتتا، بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن فولكلور جەھەتتىلا خىتايدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان نەزەرىيە

جەھەتتىكى «مىللەت»لەر بولۇپ، ختاي پائال رەۋىشتە باستۇرۇش زورۇر دەپ قاراۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق ۋە تىبەتلەرگە ئوخشىمايدۇ.

ئىقتىسادقا كەلسەك، سوۋېت ئىتتىپاقى يىگىرمە نەچچە يىللىق ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى. 1980 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ خىل چۈشكۈنلۈك ھەتتا ئادەتتىكى ساياھەتچىلەرمۇ ھېس قىلالايدىغان ھالەتكە كەلگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەر كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ يۈزىدە تولىمۇ ئۈزگىچە، ئۈمىدسىزلىك مانا مەن دەپ بىلىنىدىغان «سوۋېتچە» چىراي ئىپادىسىنى كۆرگەنىدى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ختاي كومپارتىيەسى ئاچارچىلىق ۋە مەينەتچىلىك قاپلاپ كەتكەن بىر ھالەتتىن باش كۆتۈرگەن بولۇپ، مەسىلەن كەمىنە 1976 ـ يىلى ختايدا تۇرغان چاغلىرىمدا، كوچىلارنى پوق ـ سۈيدۈك بېسىپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، 1980 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە باشلانغان تەرەققىيات 1990 ـ يىللاردا تېزلىشىپ، تا يېقىنغىچە ختاينى ئىزچىل بېيىتىپ كەلدى.

ھەتتا بۈگۈنكى ناچار ئىقتىسادىي خەۋەرلەرمۇ ختايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىگە ئوخشاش ئەجەللىك، ھاكىمىيەتنى غۇلىتىۋەتكۈدەك نۇقسانلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنى يوق. گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكاغا قارىغاندا دېھقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تىراكتور ئىشلەپچىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر نەچچە يىلدا بىر قېتىم بۇغداي ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ختايدا بايلىقنى ۋەيران قىلىدىغان بىردىنبىر كېسەللىك دەل ھەر بىر ساياھەتچى، ھەتتا بەزى مۇتەخەسسىسلەر ھەۋەس قىلىشىدىغان، كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان، كۆپىنچىسى قالتىس لايىھەلەنگەن ۋە سۈپەتلىك سېلىنغان ئۇل مۇئەسسەسەلەردۇر. بۇ ئۇل مۇئەسسەسەلەر ھازىر ھەتتا لائوسقىچە يېتىپ بارغان، ختايدىكى 33 ئۆلكىدىكى 550 شەھەرنى تۇتاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز يولىدىن تارتىپ، ختاينىڭ ھەممە جايلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان (بەزىلىرى ھەتتا تاغلىق ۋە قۇملۇق رايونلارغىچە يېتىپ بارغان) تاشيوللارنى؛ ھەرخىل تىپتىكى ئايروپىلانلارنى قوندۇرۇپ ـ ئۇچۇرالايدىغان تەخمىنەن 250 ئايرودرومنى (1976 ـ يىلى، ختايدا بىزنىڭ كىچىك تىپلىق رېئاكتىپ ئايروپىلانىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئۇچۇش يولى بار ئايرودرومدىن سەككىزىلا بار ئىدى)، 2021 ـ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا 95 مىليون توننا سېرىق پۇرچاق ئىمپورتىغا كاپالەتلىك قىلغان (بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، لوندون پورتى يىلدا ئاران ئەللىك مىليون توننا ھەر خىل يۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ) غايەت زور پورتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ قەدەر كاتتا ئۇل مۇئەسسەسەلەر بايلىقنى قانداق ۋەيران قىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە بىرلا مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە. 2018 ـ يىلى، شىمالىي كورېيە چېگراسىنى بويلاپ يول يۈرگىنىمدە، يالۇجياڭ دەرياسىدىكى غايەت زور، چىرايلىق، ئاق رەڭلىك، ئالتە يوللۇق ئاسما كۆۋرۈكنى كۆردۈم. بۇ كۆۋرۈك ختاينىڭ دەندوڭ شەھرىنى شىمالىي كورېيەگە تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، شىمالىي كورېيە ئۆز ئىقتىسادىنى ئېچىۋەتكەندە گۈللەپ ـ ياشنايدىغان (بۇ شى جىنپىڭنىڭ خىيالى ئىدى) تىجارەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى كۆزلەنگەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا تاموژنا بىناسى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئېگىز بىنالار، ئامبارلار ۋە ئون نەچچە سودا ئىشخانىسى بار ئىدى. ھالبۇكى، مەن بۇ يەرنى

زىيارەت قىلغىنىمدا، كۆۋرۈكنىڭ قارشى تەرىپىدە پەقەت شىمالىي كورىيەنىڭ بەرەڭگە ئېتىزلىرىلا بار بولۇپ، كۆۋرۈكتە ھېچقانداق قاتناش كۆرۈنمەيتتى. تاموژنا بىناسى، ئىشخانا بىنالىرى ۋە ئامبارلار قۇپقۇرۇق ئىدى. مەن بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چىقىمىنى ئۈستىگە ئالغان شەخسىي چېگرا سودىگەرلىرى بىلەن دەندۇڭدا كۆرۈشكەن چاغدا ئۇلار ئاللىقاچان ۋەيران بولغانىكەن (ئۇلار شى جىنپىڭنى ئامېرىكا قوللىغان بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ ئېمبارگوسىغا بويسۇنغانلىقى ئۈچۈن ئوچۇق-ئاشكارا تىللىشاتتى).

ھۆكۈمەت تەرىپىدىن «پەۋقۇلئاددە نامرات» دەپ بېكىتىلگەن 180 مىليون كىشى بىلەن ۋە ھېلىھەم نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان 300 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن خىتاي پۇقراسىنى بېيىتالايدىغان پۇل يالۇجياڭ دەرياسىدىكى كۆۋرۈككە ئىسراپ قىلىندى. خىتاينىڭ پۈتكۈل دۆلەت مىقياسىدىكى ئۇل مۇئەسسەسەلەردە ئىسراپ قىلىۋېتىلگەن پۇللارنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. بۇ «ئىسراپ تىزىملىكى» كەم دېگەندە ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلىدىغان 100 ئايرودرومنى، خىتايدىكى شۇنچە قىستاڭچىلىقتا قارىماستىن، ئاساسەن قۇرۇق تۇرىدىغان نۇرغۇن تاشيوللارنى — تروپىك بەلباغقا يېقىن ساياھەت شەھىرى دالىدىن تىبەتكە تۇتىشىدىغان كۆپ لىنىيەلىك G-214 تاشيولىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە — ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىرقى جىددىي مەسىلە «ئەگەر بۇ كاپىتاللار نامراتلىقنى ئازايتىشقا ئىشلىتىلگەن بولسا قانداق بولاتتى؟» ئەمەس، بەلكى پۇلنىڭ ئەڭ دەسلەپتە قانداق تېپىلغانلىقىدۇر. بۇ پۇللارنىڭ بەزىلىرى باجدىن كەلسىمۇ، ئەمما تېخىمۇ كۆپ قىسمى ھازىر خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېگىز بىنالارنى ۋە چوڭ كۆلەملىك تۇرالغۇ بىنالىرىنى سېلىۋاتقان خۇسۇسىي قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا زاۋۇت ۋە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرىدىغان خىتاينىڭ ئۆزگىچە يېرىم خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى شەھەر ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك شېرىك كارخانىلىرىنىڭ مەبلىغىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان غايەت زور قەرزنى داۋاملىق ئاشۇرۇشتىن مەنبەلەنگەن. يېرىم خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى شەھەر ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك شېرىك كارخانىلارنىڭ پۇلى دۆلەت بانكىلىرىنىڭ يەرلىك تارماقلىرىدىن قەرز ئېلىشتىن كېلىدىغان بولۇپ، بۇ بانكىلارنىڭ مەسئۇللىرى يەرلىك پارتكوم رەھبەرلىرىگە «ياق» دېيەلمەيدۇ. بۇ رەھبەرلەر بانكا مەسئۇللىرىنى شىركەتلەرنىڭ ھەشەمەتلىك زىياپەتلىرىگە تەكلىپ قىلالايدۇ ياكى زۆرۈر تېپىلغاندا (يەنى بۇ بانكىرلار «ھۆرمەت شارابى» ئىچمەي، «جازا شارابى» ئىچىشنى تاللىغاندا) ئۇلارنى «چىرىكلىككە قارشى تەكشۈرۈش» نامىدا سولاپمۇ قويالايدۇ. بېيجىڭغا كەلسەك، «خىتاي بانكىسى»نىڭ باش شتابىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى — ئۇلارنىڭ ئۈلگىسى ماۋ زېدوڭ، لېنىن، ھەتتا شى جىنپىڭمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەنگلىيە بانكىسى ۋە ئامېرىكا فېدېراتسىيە بانكىسىدىكى كەسپداشلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەدە مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىللە ئوقۇغان — ئۆزۈندىن بۇيان مەبلەغكە بولغان تەلپى زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەلگەن شېرىك كارخانىلارغا ئېقىۋاتقان «قەرز كەلكۈنى»گە چەك قويۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. لېكىن، ئۇلارنىڭ پارتىيەنىڭ كاتتىباشلىرىنى قەرز بېرىش نىيىتىدىن ياندۇرغۇدەك كۈچى يوق.

هازىرقى مەركىزىي بانكىنىڭ باشلىقى پەن گوڭشېڭ (潘功胜) شۆبھىسىزكى شى جىنپىڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خىتايدا ئەڭ مۇستەقىل ياشاۋاتقان ئەمەلداردۇر، بۇ خۇددى رۇسىيە مەركىزى بانكىسىنىڭ باشلىقى ئېلۋىرا نابىيۇلىنا (Elvira Näbiullina) موسكۋادىكى ئەڭ مۇستەقىل ئەمەلدار بولغانغا ئوخشايدۇ. ئەمما، پەن گوڭشېڭ خىتاينىڭ قەرز يۈكىنى ئاشۇرۇۋاتقان ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنى توختاتقان تەقدىردە، قەرز كرىزىسىنىڭ ئورنىغا دەرھال كەڭ كۆلەملىك ئىشسىزلىق كرىزىسى ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ خۇددى نابىيۇلىنانىڭ ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇشنى توختىتالمىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بۇ ئۇرۇشتىكى ئۆلۈم-يېتىمنىڭ خەۋپى، ئۇرۇش چىقىمى سەۋەبلىك يۈز بېرىدىغان پۇل پاخاللىقىنىڭكىدىن جىق تۆۋەندۇر (پۇل پاخاللىقى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا رۇسىيەدىكى 44 مىليون پېنسىيونېرنى ئاچ قالدۇرالايدۇ).

نەچچە ئون يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن خىتاي ئىقتىسادىنى تۇرغۇنلۇققا مۇپتىلا قىلغان تۈيۈقسىز ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ «دەۋرىيلىك» ھادىسە ئەمەسلىكى شەكسىز. شى جىنپىڭ بۇنىڭغا قارىتا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايدۇ: پايدا بېرىدىغان مەبلەغنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن چوقۇم زور قەرزنى كېمەيتىش كېرەك. ئامېرىكادا، 2007~2009-يىللىرىدىكى قەرز كرىزىسىنى — بۇ كرىزىس ھەتتا ياۋروپا ئىقتىسادىنىمۇ تۇرغۇنلۇققا دۇچار قىلغانىدى — ھەل قىلىش چارىسى 2008-يىلى «لېھمان ئاكا-ئۇكىلار شىركىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قابىل شىركەتلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقى بولدى. رەنە قەرزنى تۆلىيەلمەيدىغان مىليونلىغان ئامېرىكالىق ئۆي ئىگىلىرى ئاددىيلا رەۋىشتە ئۆيلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ، ئۆي-ماكانسىز قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قەرزدىنمۇ قۇتۇلدى. ھالبۇكى، داۋاملىق ئۆي-ماكانسىز قالغانلار ناھايىتى ئاز بولدى، چۈنكى قايتۇرغىلى بولمايدىغان قەرزلەر كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكا ئىقتىسادى ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. (يەنە بىر تەرەپتىن، ياپونىيەدىكى ئۆي قەرزى ئون يىلغا سوزۇلغان ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇققا سەۋەب بولدى، چۈنكى تۇرالغۇ قەرزى شەخسىي بولۇپ، كەچۈرۈم قىلىۋەتكىلى بولمايتتى)

خىتايدا، مەسىلە دەل شۇنىڭ ئەكسىچىدۇر. سان-ساناقسىز كىشىلەر يىغقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ياكى كۆپ قىسمىنى ئادەمسىز تۇرالغۇغا مەبلەغ سېلىپ، كىرىم ھاسىل قىلماستىن باج ۋە باشقا چىقىملارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە كېلىپ، بۇ كىشىلەر بۇ ئۆيلەرنى مۇنداقلا تاشلاپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇلار ئىجارىكەشلەرگە موھتاج. بۇ ئىجارىكەشلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئائىلە قۇرغان ياش ئەر-خوتۇنلار بولىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى خىتايدا نۇرغۇن ياش — ھەتتا ئانچە ياش دېگىلى بولمايدىغان — بوۋاقلار ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا. مانا بۇ دەل ئىقتىسادىي مەسىلىنىڭ سىياسىي مەسىلىگە ئايلىنىدىغان پەيتىدۇر. بۇ خىل سىياسىي مەسىلە ھەر قانداق ھاكىمىيەت ئۈچۈن — ھەتتا شى جىنپىڭنىڭ ھەرۋاقىت ئۆزىنى ماختاپ-ئۇچۇرىدىغان ۋە قارىماققا قورقۇنچلۇقتەك كۆرۈنىدىغان دىكتاتۇراسى ئۈچۈنمۇ — ئەجەللىكتۇر.

خىتايدىكى تۇنجى ۋاقىتلىق سىياسىي داۋالغۇش (political blip) قەدىمكى خىتايدا، ھەتتا 1949 ـ يىلىدىن كېيىنكى كوممۇنىست خىتايدا يۈز بەرگەن بولماستىن، تېخى يېقىندا، يەنى 2023 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يۈز بەردى. چۈنكى، بۇ چاغدا دائىرىلەر 6 ـ ئايدا 21.3 پىرسەنتكە يەتكەن «16 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى» توغرىسىدىكى ستاتىستىكىنى ئېلان قىلىشنى توختاتتى، بۇ سان ھەم ناھايىتى يۇقىرى، ھەم بارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تۆۋەن مۆلچەرلەنگەنىدى. ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىدىكى سەۋەب، 6 ـ ئايدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە 21.3 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولغانلىقى (مۇتەخەسسىسلەر ئالتىنچى ئايدىكى بۇ نىسبەتنى ئەڭ كەمدە ئوتتۇز پىرسەنتكە يېتىدۇ دەپ قارىشىدۇ)، ياكى 7 ـ ئايدىكى ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولغانلىقتىن ئېلان قىلىنمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ شەخسىي مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىدۇر.

شى جىنپىڭ 2021 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «ئىجتىمائىي باراۋەرلىك» نامىدا خىتايدىكى زور كۆلەملىك خۇسۇسىي دەرس تەكرارلاش ئاپپاراتلىرىنى تاقاش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ـــ بۇنىڭ ئۇنىڭ شەخسىي خاھىشى ئىكەنلىكى تولىمۇ روشەن ئىدى ـــ، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆڭۈلدىكىدەك تۇنجى خىزمەتتىن مەھرۇم قىلدى. بۇ سەۋەبلىك، خىتايدىكى بۇ خىل ئاپپاراتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ يەتتە شىركەت 250 مىڭ كىشىنى خىزمەتتىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىجتىھاتچان ستۇدېنتلار ئۆز ئالدىغا دەرس ئۆتتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما توردا ئوقۇتۇشمۇ 2021 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توختىتىلدى. قەھۋەخانا قاتارلىق جايلاردا بىر قانچە ئوقۇغۇچىنى يىغىپ دەرس تەكرارلىتىۋاتقانلار ساقچىلار تەرىپىدىن بايقالسا، يا بۇ ئىشنى توختىتىشقا تەلەپ قىلىندى ياكى قولغا ئېلىندى.

خىتايدىكى ئەڭ جۇشقۇن كارخانىچى، ئەلى بابانىڭ قۇرغۇچىسى ما يۈننىڭ يوقاپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپلەردە يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجنىڭ تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ كېتىشىگىمۇ شى جىنپىڭ ئۆزى سەۋەبچى. مەلۇم بولغىنىدەك، دىكتاتورلار ھەسەتخور كېلىدۇ. ما يۈننىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ئەلى بابانىڭ 25 مىڭدىن ئارتۇق خىزمەتچىسىنىڭ ناخشا ئېيتىپ ئۇنى ئالقىشلىشى (ئۇ ئۆزىمۇ گىتتار چالغاچ ناخشا ئېيتقان) پەقەت پارتىيە ئىچىدىكى غالچىلىرىنىڭلا ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدىغان شى جىنپىڭ ئۈچۈن بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتۇر.

2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، ما يۈن بىر نەپەر نىسبەتەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پارتىيە ئىشخانىسىغا چاقىرىلدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېڭى «چۈمۈلە گۇرۇھى»نىڭ (蚂蚁集团) رېكورت بۇزغان 34 مىليارد دوللارلىق پاي چېكى بازىرىغا كىرىش پىلانى تۇيۇقسىز توختىتىلدى. بۇ گۇرۇھ ئەسلىدە نەچچە ئونمىڭلىغان خىزمەتچى ئىشلىتىشنى پىلانلىغانىدى، مايۈن ئۆزىمۇ ئۈچ ئاي غايىب بولغاندىن كېيىن، ھاقارەتلىك تەرزدە قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەلى بابا شىركىتى 2020 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاش

يېڭى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن يىگىرمە مىڭنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا، 2021-يىلى 20 مىڭ خىزمەتچىنى ئىشتىن بوشاتتى. خىتاينىڭ باشقا يۇقىرى پەن-تېخنىكا شىركەتلىرىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ كۆزگە چېلىقىپ قېلىشتىن قورققانلىقتىن، بىر مۇنچە خىزمەتچى ئېلىش پىلانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

خىتايدىكى نۇرغۇن كىشىلەر يەنە دۇنيا مىقياسىدا خىتايغا قارشى كەيپىياتنىڭ يامرىشىغا شى جىنپىڭنىڭ ئۆزى جاۋابكار ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل نارازىلىق ئۆز نۆۋىتىدە خىتايغا سېلىنغۇسى مەبلەغلەرنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا زىيان يەتكۈزدى ھەمدە خىتاي ساياھەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىرىنى نۇرغۇن دۆلەتلەردە قارشى ئېلىنمايدىغاندەك ھېس قىلدۇردى. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر يەنە شۇنىمۇ بىلىدۇكى، شى جىنپىڭ ئۆزى بىر قوللۇق ئۆستۈرگەن «ئۇرۇش بۆرىسى» دىپلوماتلىرى دۆلەت ئىچىدە خەلقنىڭ «ئالقىشى»غا نائىل بولۇش ئۈچۈن ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنى ئوچۇق-ئاشكارە ئەيىبلىدى، ھەتتا ھاقارەتلىدى. لېكىن، بۇ شۇ دۆلەتلەردىكى خەلقلەردە خىتاينىڭ جىمى نەرسىسىنى مەنسىتمەيدىغان كەيپىيات شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى. شۇ نەرسە كۆپچىلىككە مەلۇمكى، شى جىنپىڭ خىتاي ئەسكەرلىرى، ماتروسلىرى ۋە ئۇچقۇچىلىرىنىڭ جېدەلخور قىلمىشلىرىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بېرىپ، ھىندىستاننىڭ، ھىندونېزىيەنىڭ، ياپونىيەنىڭ، فىلىپپىننىڭ، ۋېيتنامنىڭ، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ پاراخوتلىرى ۋە ئايروپىلانلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشلارغا سەۋەب بولدى. شى جىنپىڭ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇرۇشخۇمار تۇتۇمىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، 2020-يىلى ئوتتۇز نەپەر ھىندىستان ئەسكىرى ۋە تۆت نەپەر خىتاي ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان گالۋان ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پولكوۋنىك چى فاباۋنى قۇرۇلتاي ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى.

خىتاي چوڭقۇر ئاۋارىچىلىققا يولۇققان ھەمدە شى جىنپىڭ «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى»نىڭ زەربىسىدىن ئامان قېلىشنى ئويلايدىغان ۋە ئۇنىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان ھەر قانداق كومپارتىيە رەھبىرىنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان ئەھۋالدا، شى جىنپىڭنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ گۈدەك زىيالىيلار رەھبەرلەرنىڭ دىققەتنى بۇراش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىغا ئىشىنىشىدۇ. ھەتتا، بۇ ھولليۋود كىنولىرىدا شەكسىز ھەقىقەت يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئەمما، رېئاللىقتا بۇنداق ئىش كەمدىن كەم كۆرۈلىدۇ. ھەتتا «(ئارگېنتىنالىق) گېنېرال لېئوپولدو گالتىيېرىنىڭ (Leopoldo Galtieri) 1982-يىلى فالكلەند ئارىلىغا بېسىپ كىرىشىدىكى سەۋەب كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئارگېنتىنانىڭ ئىزچىل ناچار ھالەتتە تۇرغان ئىقتىسادىدىن ۋە ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەھشىي قىيناش ئۆيلىرىدىن بۇرۇۋېتىش ئىدى» دېگەن قاراشمۇ ئىنتايىن ئاساسسىزدۇر. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەبلەردىن بىرى شۇكى، ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى لورد كارىڭتون ئارگېنتىنالىقلارنى ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرالماي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئىستىكىنى كۆرۈكلەپ قويغان قالايمىقان ئۇچۇرلار تورغىرىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىستىپا بەرگەن.

قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شى جىنپىڭنىڭ ئۇرۇش ھەققىدىكى سۆزلىرى ـــ بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ باھادىرانە «قايتا گۈللىنىشى»گە ئالاقىداردۇر ـــ ۋە ئۇرۇشتا (ھەر قانداق ئۇرۇشتا) غەلىبە قىلىش ئارقىلىق ئۇزۇن مۇددەتلىك مەغلۇبىيەتنىڭ (ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقىسى 1979 ـ يىلى ۋيېتنامدا كۆرۈلگەن) ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى خىتاي ئىقتىسادى يەنىلا ياخشى ھالەتتە تۇرغاندا باشلانغان. ئەگەر بۇ ئارىلىقتا بىرەر ئۆزگىرىش كۆرۈلدى دېيىشكە توغرا كەلسە، ئۇكرائىنادىكى توقۇنۇش شى جىنپىڭنىڭ تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئىستىكىنى كۈرۈكلىگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇكرائىنا ئۇرۇشى پۈتكۈل دۇنيانى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان يادرو توقۇنۇشىدىن خالىي ھالدا ئۇرۇش قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پۇتىننىڭ تېز غەلىبە قىلىش پىلانىنىڭ مەغلۇبىيىتىمۇ شى جىنپىڭنى توختىتىپ قالالمايدۇ، ئۇ تەيۋەننىڭ ئىنتايىن بوشاڭ قوراللىق قىسىملىرىدىكى ۋەتەن خائىنلىرىغا تايىنىپ تېزلا غەلىبە قىلالىشى مۇمكىن. بۇلتۇر جىددىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە قارىتا، تەيۋەن مەجبۇرىي ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى تۆت ئايدىن بىر يىلغا ئۇزارتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېڭى بەلگىلىمىنىڭ باشلىنىشى 2024 ـ يىلغا كېچىكتۈرۈلگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل دۇنيا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ، چۈنكى خىتاي دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئىنتايىن زور بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن، خىتاي ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشىنىڭ «1949 ـ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم كوممۇنىزمدىن خالىي خىتاينى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىش»تىن ئىبارەت كۈڭۈلگە ياقىدىغان تەرىپىمۇ بار.

2022 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، فوكسكون زاۋۇتىنىڭ مىڭلىغان ئىشچىلىرى تاجىسمان ۋىرۇس قامالىغا مەھكۇم بولۇشنى خالىمىغانلىقتىن ساقچىلارنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماستىن، جېڭجوۋدىكى غايەت زور زاۋۇتتىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇندى ۋە ئۆزلىرىنى توسماقچى بولغان ساقچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، شى جىنپىڭ ساقچىلارنى ئۇلارغا ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇمىدى، ئەكسىچە شەرتسىز تەسلىم بولۇپ، ھەممە يەردىكى تاجىسمان ۋىرۇس قامالىنى تۇيۇقسىز توختىتىپ، پارتىيەنىڭ ئىناۋىتىنى پۇق قىلدى. خىتاي شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زەربىدىن كېيىنكى بېسىمغا (post ـ traumatic stress) مۇپتىلا بولدى، ئەمدىلىكتە ياشلار خىزمىتىدىن، ياشانغانلار يىغقان پۇللىرىدىن ئايرىلىپ قالدى ـ دە، شۇ تەرزدە، شى جىنپىڭ «تەيۋەن ئۇرۇشى» بىلەن «كوممۇنىزمدىن كېيىنكى خىتاي»نى تەڭلا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان ئاجايىپ بىر دۇنيانى بارلىققا كەلتۈردى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://unherd.com/2023/08/has-xi-jinping-bankrupted-china/

مىسلىسىز ئويغىنىش

# ئامېرىكا-خىتاي ئارىسىدىكى 44 يىللىق ئىلىم-پەن كېلىشىمىنىڭ كېلەچىكى



ئالىسون سىنايدېر

# ئامېرىكا ـ خىتاي ئارىسىدىكى 44 يىللىق ئىلىم ـ پەن كېلىشىمىنىڭ كېلەچىكى

ئالىسون سنايدېر

ئۆز ۋاقتىدا ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ھەمكارلىقىغا ئاساس سالغان، بۇنىڭدىن 44 يىل ئىلگىرى ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ مۇددىتى بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا توشىدىغان بولغاچقا، بۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئۈچۈن تۈۋرۈكلۈك رول ئويناپ كەلگەن بۇ كېلىشىمنىڭ كېلەچىكى ھەققىدىكى سوئاللارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

ئۇنداقتا، بۇ كېلىشىم نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشقاندا تۇنجى بولۇپ ئىمزالانغان مەزكۇر كېلىشىمنىڭ مەيلى مۇددىتى ئۇزارتىلسۇن، ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلسۇن ياكى توختىتىلسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايغا مۇئەييەن ئۈچۈرلارنى يەتكۈزىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، سىياسىيونلار ۋە ئالاقىدار ساھەدىكى كەسپىي زاتلار ھازىر ئامېرىكانىڭ خىتايغا زادى قانداق سىگنال بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى بەس ـ مۇنازىرە قىلماقتا.

ئەسلىدە 1979 ـ يىلى ئىمزالانغان ۋە تەخمىنەن ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىدىغان «ئامېرىكا ـ خىتاي پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمى» ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2018 ـ يىلى يېڭىلانغان بولۇپ، بۇ كېلىشىم (ئامېرىكا بىلەن خىتايدىكى) تەتقىقاتچىلارنىڭ فىزىكا، خىمىيە، سەھىيە ۋە باشقا ساھەلەردە ھەمكارلىشىشىغا يول ئاچقان. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق خىتاينىڭ ئوزون قاتلىمىنى خورىتىدىغان CFC گازلىرىغا (Chlorofluorocarbons) تايىنىشتىن قۇتۇلۇشىغا ۋە يىللىق ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان تارقىلىشچان زۇكام سانلىق مەلۇماتلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىغا ياردەم بەرگەن.

بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالانغىنىغا قىرىق يىلدىن ئاشقان بۈگۈنكى كۈندە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى ۋە خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئامېرىكانىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىدىن نەپ ئېلىشى توغرىسىدىكى ئەندىشە تۈپەيلى، بۇ خىل ھەمكارلىقنىڭ كەڭ دائىرىلىك ماھىيىتى ئىنچىكە تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.

«ئامېرىكا ـ خىتاي پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمى»نى مەلۇم شەكىلدە داۋاملاشتۇرۇشنى تەرغىب قىلغۇچىلار مەزكۇر ھەمكارلىقنىڭ پايدىسى بۇ خىل خەۋپلەرنى بېسىپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا قارشى تۇرغۇچىلار بولسا «بۇ كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرساق، خىتاي <ئامېرىكا ئالاقىدار خەۋپلەرگە ئانچە ئېرەنسىمەيدىكەن> دەپ قالىدۇ» دېيىشتى.

## تەپسىلاتلار

ئوباما ھۆكۈمىتى مەزگىلىدىكى ئاقساراي پەن ـ تېخنىكا سىياسىتى ئىشخانىسىنىڭ (OSTP) سابىق مۇدىرى جون خولدرېن (John Holdren) مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئامېرىكا ـ خىتاي پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمى»نىڭ ئىمزالىنىشى «تەجرىبىخانا بىلەن تەجرىبىخانا، ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت، تەتقىقاتچى بىلەن تەتقىقاتچى ئارىسىدىكى ھەمكارلىقتا مەلۇم شەكىلدە ئىجازەت بەرگەن ۋە «ھەمكارلىق ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر» دېگەن ئۇقۇمنى يوللۇقلاشتۇرغاندى.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: ھەمكارلىقنىڭ كۆچىيىشى ئامېرىكا ۋە خىتاي تەتقىقاتچىلىرى ئوتتۇرىسىدا شەخسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشىغا تۈرتكە بولدى ۋە بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىن بېيجىڭ ۋە ۋاشىڭتوندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئايلاندى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت ئورتاق قىزىقىدىغان ئىلمىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بۇ مۇناسىۋەتلەردىن پايدىلاندى.

ترامپ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە، ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى خىتاينىڭ ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى ۋە جاسۇسلۇقىنى تەكشۈرىدىغان «خىتاي تەشەببۇسى»نى (China Initiative) ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي ھەمكارلىقلار قاتتىق تەكشۈرۈلدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «تەتقىقاتچىلارنى ئىرقىي جەھەتتىن كەمسىتتى» دەپ ئەيىبلەنگەندىن كېيىن، بۇ تۈر توختاپ قالدى.

«ئامېرىكا ـ خىتاي پەن ـ تېخنىكا كېلىشىمى»، شۇنداقلا ئۇنىڭ قارمىقىدىكى فېدېراتسىيە تەتقىقات ئورگانلىرى خىتايدىكى تەڭداش ئاپپاراتلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىملەر چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ كېلىشىملەر سۈنئىي ھەمراھ، كىلىمات ۋە يەر تەۋرەش ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ھەمبەھىرلەشكە، شۇنداقلا يادرو سىنتېزلىنىش (fusion) ۋە سۇب ئاتوم زەررىچىلىرى (subatomic particle) ھەققىدە سىناق ئىشلەشكە قولايلىق ياراتتى.

ئامېرىكا فېدېراتسىيە ئاپپاراتلىرى خىمىيە، فىزىكا، كىلىمات ۋە ئېنېرگىيە پەنلىرى، دېھقانچىلىق، سەھىيە ۋە باشقا ساھەلەردە تەتقىقات پروگراممىلىرىنى، پروجېكتلارنى، مەركەزلەرنى، يىغىنلارنى ۋە ئالماشتۇرۇشلارنى تەشكىللىدى.

كېلىشىمنىڭ يەنە نۇرغۇن سىمۋوللۇق مەنىلىرى بار بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھەمكارلىقنىڭ «دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ پاراۋانلىقىنى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغانلىقى»نى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر.

1979 ـ يىلى، خىتاينىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى ئامېرىكانىڭكىدىن بەكلا ئارقىدا قالدى. پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «خىتاي پروگراممىلىرى ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەشەببۇسلار مەركىزى»نىڭ مۇدىرى سكوت

مايكېل مور (Scott Michael Moore) مۇنداق دېدى: «ختاينىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تېخنىكا سەۋىيەسىنى هازىرقى سەۋىيەسى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا ھەرقانداق شەكىلدىكى رىقابەت ۋە ئەقلىي مۈلۈك مەسلىسى كىشلەرنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمىگەنىدى.»

ئەمما، ختاينىڭ سۈنئىي ئىدراك، كىۋانت ئىلمى، بىيو-مېدىتسىنا ۋە ئالەم بوشلۇقى ساھەسىدىكى يۈكسىلىشى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇللۇق ئىلىم-پەننى ھەربىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە ھەمدە سودا قىممىتى زور بولغان يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان قوش ئىشلىتىشچان تېخنىكىلارغا ئايلاندۇرۇش ئىقتىدارى بۇ ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي ھەمكارلىقنى دۆلەت ئىچى ۋە دۇنيا سىياسىتىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندۇردى.

«‹ئامېرىكا-ختاي پەن-تېخنىكا كېلىشىمى› تۈزۈلگەندە، بۇنداق مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمىغانىدى» دەيدۇ مور.

خولدرېن قاتارلىقلار «ختاينىڭ ئىلگىرىلىشى بۇ كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرستىدۇ، چۈنكى بۇ كېلىشىم ختاينىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىلگىرىلىشىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان كۆزنەكتۇر» دەپ قارايدۇ. ئامېرىكا ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش جەمئىيىتىدىكى «خەلقئارا مەسىلىلەر ۋە ئىلىم-پەن دىپلوماتىيەسى مەركىزى»نىڭ دىرېكتورى كىم مونتگومېرى (Kim Montgomery) بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «ئىلىم-پەن ساھەسىنىڭ 1979-يىلىدىكىگە ئوخشمايدىغانلىقى — شۇنداق قىلىش مۇۋاپىق بولغان ۋە شارائىت ھازىرلانغان چاغدا — ئامېرىكا بىلەن ختاي ئارىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي ھەمكارلىق»نى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلۈك سەۋەبتۇر.

## ئالاقىدار زاتلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟

ئاۋام پالاتاسىدىكى «ختاي ئالاھىدە كومىتېتى» 6-ئايدا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بىلىنكېنغا يازغان خېتىدە ئامېرىكانىڭ «ئامېرىكا-ختاي پەن-تېخنىكا كېلىشىمى»نى داۋاملاشتۇرماسلىقنى «كۈچلۈك تەۋسىيە قىلىدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن ھەمدە «ئامېرىكا-ختاي پەن-تېخنىكا كېلىشىمى» دائىرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ ختاي ئارمىيەسىنى كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىغا بولغان ئەندىشىسىنى تەكىتلىگەن.

مەزكۇر كومىتېتنىڭ رەئىسى مايك گالاگېر ئۆز باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «ئامېرىكا بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدىكى پەن-تېخنىكا كېلىشىمىنى ئۇزارتىش بىزنىڭ تەتقىقاتلىرىمىزنى ۋە ئەقلىي مۈلۈكلىرىمىزنى تېخىمۇ قاتتىق زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، خالاس.»

خولدرېن مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكالىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئەقلىي مۈلۈكلىرىمىزنىڭ ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئۇچۇرلىرىمىزنىڭ ئوغرىلىنىشىغا ۋە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمىزنى

ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز ناھايىتى مۇھىم. لېكىن، بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا قارشى تەرەپ بىلەن پىكىرلىشىش مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈكتۇر.»

مونتگومېرى بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «دۆلەت بىخەتەرلىكى، ئەقلىي مۈلۈك ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى تېخنىكىلىرى جەھەتتە ئورۇنلۇق ئەندىشىلەر مەۋجۇت، ئەمما بۇ ئەندىشىلەر كېلىشىمدىن ۋاز كېچىشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.»

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى مەزكۇر ئاپپاراتنىڭ داۋاملىشىۋاتقان خەلقئارا سۆھبەت ياكى ئىچكى كېڭەشلەر توغرىسىدا پىكىر بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

## قارشى تەرەپنىڭ ئىنكاسى

خىتاينىڭ ئامېرىكادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى شيې فېڭ (Xie Feng) ئالدىنقى ئايدىكى ئاسپېن بىخەتەرلىك يىغىنىدا مەزكۇر كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئامېرىكا ـ خىتاي ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى باياناتىدا مۇنداق دېدى: «خىتاي باراۋەرلىك ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا ئامېرىكا بىلەن كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى مۇزاكىرە قىلىشنى خالايدۇ.»

## ئارقا كۆرۈنۈش

بايدېن ھۆكۈمىتى ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىشكە ئۇرۇنۇپ، 6 ـ ئايدىن باشلاپ بىر قانچە نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنى خىتايغا ئەۋەتتى.

بۇ ئۇرۇنۇشلارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئامېرىكانىڭ كېلىشىمنى داۋاملاشتۇرماسلىق ئېھتىماللىقى تۆۋەن.

ئىنگىلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.axios.com/2023/08/05/china-us-tensions-science-technology-agreement-renewal



# ئاسان بولسا، ھەممە ئادەم قىلغان بولاتتى

جېيمىس كىلىر

# ئاسان بولسا، ھەممە ئادەم قىلغان بولاتتى

سامانسا كېلگرېن
(ساغلاملىق ۋە يۇگۇرۇش مەشقاۋۇلى)

خۇشاللىقنى ۋە قانائەتكە ئېرىشىش ئۇچۇن تىرىشماي بولمايدۇ؛ ئەگەر بۇلارغا ئېرىشىش ئاسان بولغان بولسا، ھەممە ئادەم خۇشال بولۇۋالغان بولاتتى.

ھەممە ئادەمنىڭ قىينالمايلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇسى كېلىدۇ.

كىشىلەر ئۆزىنى زورلىماستىن ۋە بىئارامىلىق ھېس قىلماستىن مەقسىتىگە يېتىشنى ئويلايدۇ.

تۆۋەندىكىلەر كىشىلەردىكى شۇ خىل پىسخىكىغا قارىتا ئوتتۇرىغا چىققان «ئاسان قولغا كېلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت» ئەپسانىلىرىنىڭ مىساللىرىدىن بەزىلىرىدۇر:

ئىككى ئايدا ئېنگلىزچىنى راۋان سۆزلەش تاكتىكىسى!

ئورۇقلاشنىڭ ئاسان ئۇسۇلى!

ئۆيىڭىزدىلا قىلالايدىغان ئالتە خىل ئاددىي ئاساسى مەشىق!

بۇ پىلانغا رىئايە قىلسىڭىز، يۇگۇرۇشىڭىز ئاسانغا توختايدۇ!

بۇ رىسالە ئارقىلىق ئائىلىڭىزدىكىلەر ئۇچۇن ئاسانلا كەچلىك تاماق تەييارلىيالايسىز.

## ئاسان بولسا، ھەممە ئادەم قىلغان بولاتتى ...

«ئاسان» دېگەن بۇ كەلىمە كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىلمەكتە، ساغلاملىق ساھەسىدە تېخىمۇ شۇنداق.

ساغلاملىق مەشقاۋۇلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مېنىڭ مەقسىتىم خېرىدارلىرىمنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشتۇر. لېكىن، بۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ «ئاسان» ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

شۇڭا، مەن «ئاسان» دېگەن سۆزنى «ئاددىي»غا ئالماشتۇردۇم.

**يۇقىرى سىجىللىقتا بىر ئاز مەشىق قىلغاندىن كېيىن، قىسقىغىنە ئارام ئېلىپ، يەنە داۋاملىق مەشىق قىلىدىغان «يۇقىرى سىجىللىقتا ئارىلاپ مەشىق قىلىش»** (high-intensity interval workout) **ئاددىيلا بىر ئۈنۈم بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ ئاسان ئەمەس!**

**سۈيقئاش بەلكىم ئاددىي تاماق ھېسابلىنىشى مۇمكىن، ئەمما پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرگە ئوخشىتىپ سۈيقئاش ئېتىپ بېرىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئەگەر سىز پۈتۈن كۈن خىزمەت قىلغان بولسىڭىز تېخىمۇ شۇنداق!**

**شۇنداقتىمۇ بىز دائىم كەيپىياتنى، سالامەتلىكنى، يېمەك-ئىچمەك ئادىتىنى ۋە پۈتكۈل تۇرمۇشنى ياخشىلايدىغان يۈزلەرچە «ئاسان» تەدبىرلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.**

**ھالبۇكى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ «ئاسان ئۇسۇل»لارنى كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئاسانلا تەدبىقلىيالمىسا، تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.**

**بۈگۈنكى كۈندە، بىز پۈتكۈل ئىشلارنىڭ ناھايىتى تېز ۋە ئاسان پۈتۈشىنى ئويلايمىز.**

**ئىشلار قىيىن بولسا قىلغۇمىز كەلمەيدۇ-يۇ، ئەگەر ئۇنىڭ ئاسان چارىسى بولسا قىلىپ باقىمىز.**

**لېكىن، ھەقىقىي مۇھىم ئىشلارنىڭ، جۈملىدىن ئائىلىنىڭ، دوستلۇقنىڭ، كەسپىي ھاياتنىڭ، سالامەتلىكنىڭ ئاسان يولى بولمايدۇ.**

**شۇ ۋەجىدىن، بىراۋ ئۆز ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالىسا، بۇ كىشىلەردە تولىمۇ كۈچلۈك تەسىر قالدۇرىدۇ.**

**مەيلى كەسىپ ئالماشتۇرۇش، بىرەر مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش، مارافونچە يۈگۈرۈشنى مەشىق قىلىش ياكى يېمەك-ئىچمەك ئادىتىڭىزنى ياخشىلاش بولسۇن، باسىدىغان قەدەملىرىڭىز ئۈنۈم جەھەتتە ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ئىجرا قىلىش تەسكە توختىشى مۇمكىن.**

**لېكىن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق!**

**مەن خىزمىتىمنى تاشلاپ، ئۆز قىزىقىشىم بويىچە يول تۇتقان چېغىمدا، ئۆز-ئۆزۈمگە: «بۇنداق قىلىشىم توغرىمۇ؟ خېرىدار تاپالارمەنمۇ؟ ھەپتىلىك ماقالەمنى داۋاملىق يازالارمەنمۇ؟ كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ئۆگىنەلەرمەنمۇ؟» دەپ سوئال قويغانىدىم.**

**ئەمما، مەن دەسلەپتە بۇنىڭدىن ھودۇققان، ئاندىن يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىنىمدە، ئىشلار ماڭا ئۇنچە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمىدى.**

**مەن جاپاغا يۈزلەندىم ۋە بىئاراملىق تۇيغۇسىغا «تىز پۈكمىدىم.»**

بىر خېرىدارىم تويى قىلىش ۋە كاماندىروپكىغا چىقىش سەۋەبلىك بىر مەزگىل مەشقنى توختىتىپ قويغانىدى. ئاندىن ئۇ قايتىپ كېلىپ مەشقنى باشلىغاندىن كېيىن، مەشىق يېرىملاشماستىنلا: «نېمە دېگەن جاپالىق! ئەسلىدە بۇنچىۋالا جاپالىق بولماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟» دەپ ۋايىسدى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەتتىم.

بىز ئالدىنقى قېتىم بىللە مەشىق قىلغاندا، ئۇ ئۆزىگە ناھايىتى ياخشى ئاساس سالغانىدى. لېكىن، ئۇ چېنىقىشنى بىر مەزگىل تاشلاپ قويغانلىقتىن، چېنىقىش ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ قىيىن تۇيۇلۇۋاتاتتى.

شۇڭا، مەن ئۇنىڭدىن: «ئەگەر بۈگۈن مەشىق ئاسانغا توختىسا، ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولماسمىدى؟» دەپ سورىدىم. چۈنكى، چېنىقىشنى تاشلاپ قويغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئەسلىدىكى رىتىمغا كۆنۈش ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئورۇۋقلىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئاسانلا قايتىدىن سەمرىپ كېتىدۇ. ئەگەر چېنىقىش ئادىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئاسان بولسا ئىدى، ھەممە ئادەم شۇنداق قىلغان بولاتتى.

شۇڭا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزىڭىزنى ئاجىز ھېس قىلغىنىڭىزدا، «ئەگەر بۇ ئىش ئاسان بولغان بولسا، ھەممە ئادەم ئۇنى قىلغان بولاتتى» دېگەن گەپنى ئۆز-ئۆزىڭىزگە تەكرار تەلقىن قىلىڭ. ئەگەر بىر ئىش سىزگە جاپالىق تۇيۇلغان بولسا، بۇنىڭغا قانداقتۇر ئۆزىڭىزدىكى «ئاجىزلىق»نىڭ سەۋەبچى ئەمەسلىكىنى بىلىڭ.

قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىڭىزنىڭمۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا بەل قويۇۋەتمەيدىغان «تەرسا» ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://everydaypower.com/if-it-was-easy-everyone-would-do-it/



# مېۋىلەرنىڭ خانىشى - ئانار

دوكتور ياۋۇز يۇرۇكئوغلى

# مېۋىلەرنىڭ خانىشى ـــ ئانار

پروفېسسور دوكتور ياۋۇز يۆرۈكئوغلى
(تۈركىيەدىكى داڭلىق يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى)

**ئانارنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن، مىنېرال ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلار بار بولۇشتىن سىرت، ئۇنىڭ يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تېرىنى ياخشىلاش قاتارلىق بىر تالاي شىپالىق رولى بار. شۇ ۋەجىدىن، ئانار «ياشارتقۇچى مېۋە» دېيىلىدۇ.**

**ئۇنداقتا، ئانارنى باشقا مېۋىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلەر قايسىلار؟**

**ئالدى بىلەن، ئانار مېۋىلەر ئىچىدە «ORAC» سەۋىيەسى، يەنى ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئەڭ يۇقىرى مېۋىلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە تۈرلۈك ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار ئىنتايىن مول. ئانارنىڭ پەۋقۇلئاددە شىپالىق رولغا ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولغىنى دەل مۇشۇ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلاردۇر. تەكرار تەكىتلەپ كەلگىنىمدەك، ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار ھۈجەيرىلىرىمىزنى ئۇپراشتىن، قېرىشتىن ۋە DNA لارنى زەخمىدىن ساقلايدىغان ئەڭ مۇھىم ماددىلاردۇر. ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلارنىڭ شارائىتىدە، ھۈجەيرىلىرىمىز ياش ۋە ساغلام تۇرالايدىغان بولۇپ، بۇ ئومۇمىي ساغلاملىقىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم كاپالەتلىرىدىن بىرىدۇر.**

**ئانار ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشتىن سىرت، ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە ۋىتامىن C، ۋىتامىن K ۋە يوپۇرماق كىسلاتاسى، شۇنداقلا مول مىقداردا كالىي، ماگنىي ۋە سىنىك بار.**

**ئانارنىڭ ئۇرۇقىدا مول مىقداردا تالا ۋە «ئومېگا ـ 5» دېيىلىدىغان ئىنتايىن پايدىلىق، تويۇنمىغان ياغ كىسلاتاسى بار.**

**شۇنداقلا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە پۇنىكالاگىن (Punicalagin) ۋە ئېلاگىتانىن (Ellagitannin) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنتايىن كۈچلۈك ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار بار.**

**ئانار تۈرلۈك مېخانىزملار ئارقىلىق يۈرەك كېسەللىكلىرىگە قارشى كۈچلۈك قوغداش رولىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ تاجسىمان ئارتېرىيە كېسەللىكىنى (coronary artery disease) پەيدا قىلىدىغان بىر قاتار خەۋپ ئامىللىرىنى يوقىتىدۇ.**

ئانارنىڭ بىۋاستە ھېس قىلغىلى بولىدىغان ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىشتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ئانار سۈيى ئىچكەندىن كېيىن قان بېسىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا ھوشىدىن كېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتلارغا كۆرە، كۈندە يېگى سىقىلغان ئانار سۈيىدىن ئەللىك مىللىلىتىر ئىچكەندە، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش دورىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش تەسىر ئارقىلىق، قان بېسىمى ئەھۋالىدا 10 ~ 15 پىرسەنت ياخشىلىنىش كۆرۈلىدۇ.

ئانارنىڭ تەركىبىدىكى ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلارنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى بولغان ياللۇغنى تۈگىتىدىغانلىقى بۇ ماددىلارنىڭ ئەڭ مۇھىم پايدىلىرىدىن بىرىدۇر. يەنى بۇ ماددىلار ياللۇغ قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. بۇ ماددىلارنىڭ ئەڭ ئۆزگىچە ۋە ئەڭ مۇھىم تەسىرلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، بۇلار تومۇرلىرىمىزنىڭ ئىچكى دىۋارىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نىترىك ئوكسىد دېيىلىدىغان بىر ھورمۇننىڭ ئاجرىلىشىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ھورمون يۈرەكتە تاجسىمان قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يۈرەك مۇسكۇلى تىقىلمىسىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. نىترىك ئوكسىد ھورمونىنىڭ يەنە بىر رولى شۇكى، ئۇ يۇقىرىقى مېخانىزم ئارقىلىق يەنە تېرىدىكى تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرىدۇ ـ دە، بۇ ئارقىلىق تېرە تېخىمۇ ياش ۋە جانلىق تۇرىدۇ.

ئاخىرىدا، ئانارنىڭ يۈرەكنى قوغداش جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم رولىرىدىن بىرى قاندىكى «ناچار خولېسترول»، يەنى LDL سەۋىيەسىنى چۈشۈرىدىغانلىقىدۇر. ھەتتا، بۇ ھورمون LDL سەۋىيەسىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئوكسىدلىنىپ، تومۇرلارغا يەرلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

خۇلاسىلىسەك، ئانارنىڭ

ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش

ياللۇغ قايتۇرۇش

قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىش

تومۇرنى كېڭەيتىش

خولېسترولنى تۆۋەنلىتىش

قاتارلىق پايدىلىرى بار بولۇپ، ئانار ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىل پايدىلىرى ئارقىلىق تاجسىمان يۈرەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ھەتتا شەكىللىنىپ بولغان تاجسىمان يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشقا ياردىمى تېگىدۇ.

ئانارنىڭ يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن سىرت، يېقىنقى يىللاردا بايقالغان يەنە بىر پەۋقۇلئاددە خۇسۇسىيىتىمۇ بار بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەت ئانارنى ئىسمى جىسمىغا لايىق «دەرىجىدىن تاشقىرى مېۋە» ماقامىغا چىقارغان.

ئانارنىڭ تەركىبىدىكى ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار توغرىسىدا توختالغاندا، ئېلاگىتانىننى تىلغا ئالغانىدىم. ئەنە شۇ ئېلاگىتانىنلار ئۈچەيلىرىمىزدىكى پايدىلىق پروبىيوتىك ئۈچەي باكتېرىيەلىرى تەرىپىدىن يۇرولىسىن (Urolithin A) A ۋە B قاتارلىق ماددىلارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. يۇرولىسىنلارنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى ھۈجەيرىلىرىمىزنىڭ ئېنېرگىيە زاۋۇتى بولغان مىتوكوندرىيونلارنى (Mitochondrion) ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاش رولىدۇر. بۇ جەريان مىتوفاجى (Mitophagy) دېيىلىدۇ. مىتوفاجى ئارقىلىق، ھۈجەيرە ئىچى ئېنېرگىيە مېتابولىزمىمىز راۋۇرۇس ياخشىلىنىدۇ. يۈرەك، مېڭە ۋە مۇسكۇل قاتارلىق جايلاردىكى پۈتكۈل ھۈجەيرىلىرىمىزدە مىتوكوندرىيونلار بار. مانا بۇ يۇرولىسىنلار مىتوفاجى ئارقىلىق پۈتكۈل ھۈجەيرىلىرىمىزدە يېڭىلىنىش ۋە ئېنېرگىيە ئېشىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىكى ئىلمىي تەتقىقاتلارغا كۆرە، ئانارىدىكى ئېلاگىتانىندىن شەكىللەنگەن يۇرولىسىنلارنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋە كۆپ خىل پايدىلىرى بار. خۇلاسىلىگەندە، يۇرولىسىنلارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى شۇلاردۇر:

ھۈجەيرە ئىچىدىكى ئوتوفاجىنى (autophagy ـــ ھۈجەيرىلەرنىڭ لىزوزوما مېخانىزمى ئارقىلىق، زىيانغا ئۇچرىغان ھۈجەيرە ئەزالىرىنى، خاتا قاتلانغان ئاقسىللارنى ۋە باشا چوڭ مولېكۇلىلىق ماددىلارنى لىزوزوماغا يەتكۈزۈپ، دېگراداتسىيە قىلىش ۋە قايتا پايدىلىنىش جەريانى، ت) ئىلگىرى سۈرۈپ، «قېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» رولىغا ئىگە.

مىتوفاجى ئارقىلىق ھۈجەيرىنىڭ ئېنېرگىيە مېتابولىزمىنى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئېنېرگىيە سەۋىيەسىنى ئاشۇرىدۇ.

يۈرەك مۇسكۇلى ھۈجەيرىلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، يۈرەك زەئىپلىششىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

مېڭە ھۈجەيرىلىرىنى ئالزھايمېر قاتارلىق كېسەللىكلەردىن قوغدايدۇ.

ياشلارنىڭ مۇسكۇل كۈچىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ياشانغانلاردا قان ئازلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ياللۇغ قايتۇرۇپ، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

جىگەرنى ماي قاپلاشنىڭ ۋە بەدەندە ئىنسۇلىن قارشىلىقى پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

چېكىنىش خاراكتېرلىك بوغۇم ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۆز ماكانى بولغان ئۈچەي دىۋارلىرىنى قوغدايدۇ.

ئاخىرىدا قوشۇپ قويىدىغىنىم، ئانارنى ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ يېيىش تېخىمۇ پايدىلىقتۇر.

تۈركچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://youtu.be/ZrRgZbNLvH8?si=CPpTxoDQAiTdB1Od



# غايىگە يېتىش يولىدا زېرىكىپ قالغاندا

جېيمىس كىلىر

# غايىگە يېتىش يولىدا زېرىكىپ قالغاندا

جېيمىس كىلىيېر

(«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ ئەڭ بازارلىق كىتابلار تىزىملىكىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغان «Atomic Habits» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى، بۇ كىتاب ئەللىك نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مىقياسىدا توققۇز مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلغان)

ھەممىمىزنىڭ نىشان ۋە ئارزۇلىرى بار، لېكىن شۇ نىشانلارنى ۋە ئارزۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھەرۋاقىت زېھنىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر.

مەن ھەر ھەپتە «ياخشى نىيەت بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتتۈم، ئەمما سىجىللىقىمنى ئۈزۈنغىچە داۋاملاشتۇرالمايدىغاندەك قىلىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمەن.

ياكى ئۇلار مۇنداق دېيىشىدۇ: «مېنىڭ تاقىتىم تولىمۇ چەكلىك. ھەرىكەتكىمۇ ئۆتتۈم، ئەمما بۇنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ۋە زېھنىمنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈشكە ھېچ كۆزۈم يەتمەيدۇ.»

بۇ جەھەتتە مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش نۇقسانلىقمەن.

مەسىلەن، مەن بىر پىلاننى باشلايمەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازدۇر-كۆپتۇر كۈچ چىقىرىمەن، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا دىققىتىم چېچىلىپ باشقا ئىشقا ئۆتۈپ كېتىمەن. ئاندىن، يېڭى نىشانىمغىمۇ زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرەلمەي، يەنە باشقا ئىشقا ئېسىلىمەن. ئىشلار شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ-دە، نەتىجىدە ھېچقانچە ئىلگىرىلىيەلمەيمەن.

بەلكىم، سىزدىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.

بۇ مەسىلە ماڭا چېنىقىش جەريانىدا ئۆگەنگەن مۇنداق بىر ساۋاقنى ئەسلىتىدۇ...

## قىزغىنلىق ۋە رىغبەتنىڭ سىرى

مەلۇم بىر كۈنى، چېنىقىش ئۈيگە ئۇزۇن يىللىق كەسپىي ھاياتىدا مىڭلىغان تەنھەرىكەتچىلەر ــــ بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم دۆلەت دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىلەر ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەتچىلىرىمۇ بار ئىدى ــــ بىلەن ھەمكارلاشقان بىر مەشقاۋۇل كەلدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىز ئىلگىرىلەش جەريانى ھەققىدە پاراڭلىششقا باشلىدۇق.

مەن ئۇنىڭدىن مۇنداق دەپ سورىدىم: «ئەڭ مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن باشقىلارنىڭ زادى نېمە پەرقى بار؟ ھەقىقىي مۆۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەر قىلىدىغان، ئەمما كۆپىنچە كىشىلەر قىلمايدىغان ئىشلار قايسىلار؟»

بۇ مەشقاۋۇل دەسلەپتە «گېن، تەلەي، تالانت» دېگەندەك، ھەممىمىز ساناپ بېرەلەيدىغان بەزى ئامىللارنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، مەن ئويلاپ باقمىغان بىر نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇتۇق كىمنىڭ ھەر كۈنى زېرىكىشلىك مەشىقلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا، بىر خىل ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ھەرىكىتىنى تەكرار-تەكرار قىلالايدىغانلىقىغا باغلىق.»

ئۇنىڭ جاۋابى مېنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، بۇ خىزمەت ئەخلاقى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ پەرقلىق ئۇسۇلى ئىدى. نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا گەپ بولۇنغاندا، كىشىلەر «ھاياجان»دىن گەپ ئېچىشىدۇ. مەيلى تىجارەت، تەنھەرىكەت ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىش جەھەتتە بولسۇن، سىز كىشىلەرنىڭ «ھەممە ئىش قىزىقىشقا باغلىق» ياكى «نىشانىغا ئۆزىنى ئۇرمىسا بىكار» دېگەنلىكىنى ئاڭلايسىز. نەتىجىدە، بىز نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا دىققىتىمىزنى يىغالماس بولۇپ قالغاندا ياكى رىغبىتىمىزنى يوقاتقاندا، بەكلا چۈشكۈنلىشىپ كېتىمىز. چۈنكى، بىز «ئۇتۇقدار كىشىلەر پۈتمەس-تۈگىمەس قىزغىنلىققا ئىگە» دەپ ئويلايمىز. ھالبۇكى، بۇ مەشقاۋۇل ھەقىقىي ئۇتۇقدار كىشىلەرنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا نىشانغا يېتىش يولىدا زېرىكىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇلار بىلەن باشقىلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئۇتۇقدار كىشىلەر زېرىكىپ كەتكىنىگە قارىماستىن، ئۆز ئىشىنى سىجىل داۋاملاشتۇرالايدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە، دەل مۇشكۈل شارائىتتىمۇ خىزمەتنى تاماملىيالايدىغان مۇشۇ خىل ئىقتىدار ئەڭ سەرخىل تەنھەرىكەتچىلەرنى باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئامىل ئىكەن. ياكى بۇ ھەقىقىي كەسىپ ئىگىلىرى بىلەن ھەۋەسكارلار ئارىسىدىكى پەرق ئىكەن.

## ئىش تەسلەشكەندىمۇ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش

رىغبىتى ئېشىپ-تېشىپ تۇرغاندا تىرىشىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

مەن تەنھەرىكەتچى چاغلىرىمدا، زور غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىنكى ھەپتىدە مەشىق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتىم. مەنچە باشقىلارمۇ چوقۇم شۇنداق. بۇنداق چاغدا، مەشقاۋۇلىڭىزنىڭ كەيپى چاغ، سەپداشلىرىڭىزنىڭ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان، سىزمۇ كوماندىڭىزنىڭ ھەرقانداق رەقىبىنى يەر چىشلىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولىسىز.

مەن كارخانىچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، تىجارەت روناق تېپىۋاتقان چاغلاردا خىزمەت قىلىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن. قازانغان نەتىجىلىرىڭىز سىزنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئۈندەپ تۇرىدۇ.

لېكىن، زېرىكىپ كەتكەن، ئىشلىرىڭىز ئوڭدىن كەلمىگەن، ھېچكىم سىزگە دىققەت قىلمايۋاتقانىدەك ھېس قىلغان ياكى كۈتكەندەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتقان چاغلىرىڭىزدىچۇ؟

سىز ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئون يىل ئىشلەشنى خالامسىز؟

سىزنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغىنى ئىشلار قىيىنلاشقاندا داۋاملىق تىرىشىش ئىقتىدارىدۇر.

## مۇۋەپپەقىيەت ھادىسە ئەمەس، جەرياندۇر

بىز ھەمىشە نىشانلىرىمىزنى نەتىجىدىن ئىبارەت دەپ ئويلىشىۋالىمىز. يەنى بىز مۇۋەپپەقىيەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى ۋە تاماملىغىلى بولىدىغان ھادىسە دەپ قارايمىز.

بۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان مىساللىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەر:

نۇرغۇن كىشىلەر سالامەتلىككە ھادىسە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ: «يىگىرمە كىلو ئورۇقلاپلىۋالسام، بەدەن شەكلىم تولىمۇ ياخشىلىنىپ كېتەتتى.»

نۇرغۇن كىشىلەر كارخانىچىلىقنى ھادىسە سۈپىتىدە كۆرىدۇ: «ئەگەر شىركىتىمىز <نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى>دە تونۇشتۇرۇلسا، ئۇتۇق قازانغان بولاتتۇق.»

نۇرغۇن كىشىلەر يازغۇچىلىقنى ھادىسە دەپ قارايدۇ: «ئەگەر كىتابىم چوڭراق نەشرىيات تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولسا، ئۆزۈم كۆزلىگەن ئىناۋەتكە ئېرىشكەن بولاتتىم.»

يۇقىرىقىلار بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە يەككە ھادىسە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمىزنىڭ ئازغىنە مىساللىرى، خالاس.

لېكىن، ئەگەر سىز ئىزچىل رەۋىشتە نىشانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ئامىللارنىڭ قانداقتۇر («نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دە تونۇشتۇرۇلۇش دېگەندەك) ھادىسىلەر ياكى نەتىجىلەر ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز. ئۇلار يەككە ھادىسىلەرنى ئەمەس، كۈندىلىك خىزمەتنى مۇھىم بىلىدۇ.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، سىزنى نەتىجىلەردىن ھۇزۇر ئالدۇرىدىغىنى دەل جەريانغا قارىتىلغان مۇشۇ خىل سىجىللىقتۇر.

ئەگەر سىز كاتتا يازغۇچى بولۇشنى ئويلاۋاتقان بولسىڭىز، ئەڭ بازارلىق كىتابنى روياپقا چىقىرىش ئەلۋەتتە قالتىس ئىش بولىدۇ. ئەمما، شۇ نىشانغا يېتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى هارماي ـ تالماي يېزىقچىلىق مەشقىنى داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

ئەگەر سىز تىجارەتچىڭىزنى جاھان ئەھلىگە تونۇتۇش كويىدا يۈرۈۋاتقان بولسىڭىز، «فوربېس» ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرۇلۇش ئەلۋەتتە قالتىس ئىشتۇر. لېكىن، شۇ نىشانغا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى سېتىش خىزمىتىنى هارماي ـ تالماي داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

ئەگەر سىز بەدەن شەكلىڭىزنى ئەڭ ئىدېئال هالەتكە ئەكەلمەكچى بولسىڭىز، يىگىرمە كىلو ئورۇقلاش ئەلۋەتتە زۆرۈر ئىشلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ نىشانغا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ساغلام ئوزۇقلىنىش ۋە چېنىقىش ئادىتىنى سىجىل داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

ئەگەر سىز ھەرقانداق ساھەدە ئالاھىدە ئۇتۇق قازانماقچى بولسىڭىز، شۇ ئىشنى قىلىش جەريانىنى ياخشى كۆرۈشكە مەجبۇرسىز. بۇ جەھەتتە، سىز نوقۇل هالدا ئۆزىڭىز يەتمەكچى بولغان نىشان ھەققىدە خىيال سۈرۈۋەرمەي، شۇ ئىشنى سىجىل قىلىش ئارقىلىق «پالانى ئىشنى قىلىدىغان كىشى» دېگەن كىملىكنى شەكىللەندۈرۈشىڭىز كېرەك.


باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا . . .

زېرىكىشنى، تەكرارلىقنى، مەشىقنى سۆيۈشىڭىز ۋە ئۇلارغا كۆنۈشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىز قىلىۋاتقان ئىشنىڭ جەريانىغا كۆڭۈل بۆلۈڭكى، «نەتىجە» ئۆزىنىڭ هالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالسۇن!

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://jamesclear.com/stay-focused


تارىخ ۋە بىز
خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ رەئىسى-
مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم
ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ رەئىسى — مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

**ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، خوتەن تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىغا جايلاشقان يۇرت. خەلق ئەينى چاغلاردا زامانىنىڭ ئەڭ قالاق قاتناش ۋە خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش دېگەنلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. مىللىي تەڭسىزلىك ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، مانجۇلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن بولغان خىتاي ھۆكۈمران سىنىپى يەرلىك خەلقنى دەھشەتلىك زۇلۇم بىلەن ئىدارە قىلىشتىن تاشقىرى ئۇلارنى نادان قالدۇرۇپ يېڭىلىقتىن ئۈلگۈدەك قورقۇپ ئۇنى ھامان ئۇجۇقتۇرغان، ئىجتىمائى ھاياتتا قالاقلىق ۋە خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرگەن، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ قولچومىقى بولغان، بەگ، چوڭ يەر ئىگىلىرى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپ ئىمتىيازلىق كىشىلەر خەلقنى ئېزىشكە ئۆزىنىڭ خوجايىنلىرىدىن كېيىن قالمىغان، ھەر بىر ئامبال ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمەت بولۇۋالغانىدى.**

**خوتەن ھىندىستان ۋە ئافغانىستانغا يېقىن بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى بۇ رايونغا سودا تىجارەت ۋاستىسى بىلەن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلاردىن (ئاساسلىقى گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقىلىق) خەۋەر تېپىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ بىر قىسىم كىشىلەردە خەلقنى مائارىپ جەھەتتىن ئاقارتىش تەشەببۇسلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ كىشىلەر، ئومۇمەن ياش مۇدەرىسلەر ۋە تالىپلار، يەنى دىنىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. چۈنكى خەلق ئىچىدىكى ساۋاتلىقلارمۇ شۇلار ئىدى. مەدەنىي ئاقارتىش ئۇرۇنلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ يوقلىقىدىن خەلقنىڭ ئىلىم ـ بىلىم ئېلىش مەركىزى بۇ دىنىي مەدرىسلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ھۆكۈمرانلار باشقۇرۇشىدىكى شۆتاڭ مەكتەپلەر بولسا پەقەت ھۆكۈمرانلارغا سادىق بەگ ـ لاۋيې يېتىشتۈرۈش كۇرۇسلىرىدىن ئىبارەت ئىدى، خەلق بۇنىڭدىن بەك نەپرەتلىنەتتى.**

**جاھالەت ئىچىدىكى مەھكۇم خەلق مۇستەبىت زالىم ھۆكۈمرانلارنى خىتاي مىللىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ چۈشەنگەن. چۈنكى، ئۇلار كۆرگەن ۋە بىلگەن خىتايلار ئەنە شۇ زالىملار ئىدى. مەسىلەن، خوتەندىكى خىتايلار سېپىل ئالدىدىكى بىر قانچە ئائىلە گۆرۈكەش، جازانىخور تىجارەتچى خىتاي ۋە ئاندا ـ ساندا سېپىل ئىچىدىن تاشقىرىغا چىقىپ خەلققە بالايى ئاپەت ياغدۇرۇلغان چېرىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە ئومۇمەن خىتايلارغا قارشى بىر ئۆچمەنلىك ئەۋج ئالماقتا ئىدى.**

ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان ئالۋاڭ ـ سېلىقلار خەلق نوپۇسىنىڭ يۈزدە توقسانىنى تەشكىل قىلغان ئاجىز ۋە ئوتتۇراھال دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈردى. ھۆكۈمرانلار بىر قات ئالۋاڭ قويسا ئۇلارنىڭ قول چۇماقلىرى بۇنى ئون قات قىلىپ خەلقتىن ئالاتتى، بۇنى «خاننىڭ ئەمرى»، «خاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۈچۈن» دەپ كۆرسىتەتتى، خىتايلارغا ئالۋاڭ ـ سېلىق يوق ئىدى. يەرلىك خەلققە ئادالەتسىزلىك كۆزى بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى. مانا بۇ ئەھۋال مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق ئىچىدە خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى ياراتقانىدى.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر قىسىم ياش تالىپ ۋە مۇددەرىسلەردە يېڭىچە بىلىمگە ئىنتىلىشلەر باشلاندى. بۇ ئىش بۇلۇپمۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەب ئەللىرىگە بېرىپ كەلگەنلەردە ئەكس ئەتمەكچى ئىدى. ئۇ زامانلاردا ھەجگە بارىدىغان يول روسىيە ـ تۈركىيە يولى بولۇپ كەلگەن. قەشقەردە 1913 ـ يىلىدا ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا «مەتلەئۇل ھىدايەت» ناملىق بىر تەشكىلات قۇرۇلدى. بۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى زامانىۋى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر، خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر شەھەردىكى بىر قىسىم باي ـ سودىگەر ۋە قوشۇمچە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان يەر ئىگىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايانغان. ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاساسەن شۇلارنىڭ بالىلىرى ئىدى. دەرسلەردىن تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا ۋە شېئىر ئاساس قىلىناتتى. بۇ مەكتەپلەرگە تۈركىيەدىن خۇسۇسى مۇئەللىملەر كەلتۈرۈلگەن. ئەھمەت كامال ۋە ئىسمائىل ھەققى ئىسىملىك مۇئەللىملەر شۇ چاغدا مەكتەپلەردىكى بالىلارنى ئوقۇتۇپلا قالماي ئىشتىن سىرتقى تەربىيە شەكلى بىلەن چوڭلارنىمۇ تەربىيەلەشنى ئېلىپ بارغان. خەلقنى ئاقارتىش جەھەتتە ئاق ـ قارىنى پەرىق ئېتىش جەھەتتە بۇ، چوڭ رول ئوينىدى. بۇلۇپمۇ خوتەن، قەشقەر ۋە غولجا قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ دەرىجىدە بولسىمۇ بىر زىيالىيلار تەبىقىسى يوقتىن بارلىققا كەلدى. خوتەندە مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە جىيەنى ئابدېكېرىم ھاجى بۇلاردىن ئىدى. خوتەندە بۇ مەكتەپ ئالتۇن مەدرىسە ئىچىدە (ھازىرقى ئاتالمىش خوتەن ۋىلايەتلىك سىياسى كېڭەشكە قاراشلىق سىياسى مەكتەپ ئورنىدا) پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ خىل يېڭىلىق ھەركەتلىرى دەسلەپتە ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغان. چۈنكى ئۇ دەۋردە گېلاۋخۇي (خىتايلار ئىچىدىكى ھاكىمىيەتكە قارشى قارا گۇرۇھ) شايكىلىرىنى ئېنىقلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. كېيىنچە بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا تۈركچە ئاھاڭدىكى مارشلارنى ئوقۇش، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكتىن سۆز قىلىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا يەرلىك مۇتەئەسسىپلەر بۇلۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپقا يۆلىنىپ جان باقىدىغان باي سودىگەرلەر ئۆز خوجايىنلىرىغا بۇ ئەھۋالنى «بىر ئىسيان ھازىرلىقى» دەپ مەلۇمات بېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل مەكتەپلەر ۋە تەشكىلاتلار پاچاقلىنىپ تاشلاندى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار مەجبۇرى شۆتاڭ (زوزۇڭتاڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان خىتاي مەكتەپلىرى) مەكتەپلەرگە ئېلىندى. ئاقىۋەت، 1914 ـ يىلىدىن 1923 ـ يىلىغىچە تاتار ۋە تۈرك مۇئەللىملەر چېگرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلدى. ئارقىدىنلا، 1924 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇست كۈنى، مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام سۈيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ خىل ئۈچىغا چىققان قانلىق باستۇرۇش خەلقنى ئەبەدىي نادانلىق ۋە جاھىللىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت خام خىيال ئىدى. ئەكسىچە ئويغىنىشقا باشلىغان خەلق ئىچىدە ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۆچمەنلىك تېخىمۇ ئۇلغايدى. جۈملىدىن خوتەندە بىر قىسىم مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلار«قۇتۇلۇش يولى، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» دېگەن ئىدىيىنى تارقاتماقتا ئىدى. مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم، ئىسراپىل داموللام ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالار ئەنە شۇلارنىڭ ئاساسلىق باشلامچىلىرىدىن ئىدى. مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خوتەن خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىماسى بولۇپ، ئۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى ۋە سابىت داموللاملار بىلەن بىرلىكتە خوتەندە مىللىي ئىنقىلاپ قىلىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمەت قۇرغان ۋاقىتتا، شەھىدانە خوتەننىڭ ئىنقىلاب پېشۋالىرى بىردەك ھالدا مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ جۇمھۇر رەئىسلىكىگە سايلاپ، ئۇنىڭغا «مەلىك ھەزرەت» دېگەن قۇتلۇق ھۆكۈمدارلىق نامىنى بېرىشكەن ئىدى.

مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم ھىجرىيە 1280 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، مىلادىيە 1863 ـ يىلى 2 ـ نويابىر دۈشەنبە، ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە مەھمۇد مۇپتى ھاجىم ئاتلىق بىر ئۆلىمانىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا دىنىي ئوقۇشقا كىرىشكەن. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال دادىسىدا، ئاندىن كېيىن قاراقاش ۋە خوتەننىڭ ئەڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدا ئۈزلۈكسىز يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇپ، 30 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا دىنىي ئىلىملەردە ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن ۋە شۇ زاماننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرىگە ئايلانغان ئىدى. 1907 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا قاراقاشتىكى ئەڭ قەدىمىي مەدرىسە بولغان ئويۋاغ مەدرىسىسىگە باش مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلەنگەن. مەزكۇر مەدرىسىنى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئۇستازى «داموللا ھەزرەت» نىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئۇلۇغ ھەزرىتىم 1610 ـ يىللىرى ئىنشا قىلغان بولۇپ، كېيىنچە 1638 ـ يىلى تەختكە چىققان داڭلىق سۇلتان ئابدۇللاخان تەرىپىدىن قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان. شۇنىدىن بۇيان بۇ مەدرىسە قاراقاشتىكى داڭلىق ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرىدىغان ئەڭ ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتىغا ئايلانغان. مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم 1907 ـ يىلى مەزكۇر مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى بولۇپ تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شۇ يىلى قۇربان ھېيتتا پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1912 ـ يىلى باھاردا ئابدۇقادىر داموللام ئېتىل ـ ئۇرال ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىدا جانلانغان يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تۇنجى قېتىم تارىم ۋادىسىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، خوتەندىمۇ تۇنجى يېڭىچە دىنىي مەكتەپ قۇرۇلغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ياڭ زېڭشىن 1914 ـ يىلى ئەھمەد كامالنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى كۈزدە ئەڭ ئىشەنچىلىك تۆڭگان خادىمى ما فۇشىڭنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان تارىم ۋادىسىغا مۇتلەق ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى «تىتەي» دەپ ئاتىغان. قەشقەر ۋە خوتەندىكى جاھالەت پىرلىرى دەرھال قۇۋ ما تىتەي بىلەن بىرلىشىپ يېڭىچە مائارىپ مەكتەپلىرى ۋە باشقا زامانىۋى كارخانىلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئاقىۋەت، قەشقەر ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ تۇنجى

چارىكىدىلا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بىخۇتلىشىپ، دۆلەت قۇرۇشتىكى ئالتۇن پۇرسەت قولدىن كەتكەن. چۈنكى، كۆن چىقىشتا 1912 ـ يىلى مەنچىڭ خانلىقى تەۋەسىدىكى سەددىچىن سېپىلى ئىچىدە ياشاۋاتقان مانجۇ بولمىغان قەۋملەر «خىتاي» دېگەن نامنى مىللەت نامى قىلىپ تاللاپ، خىتايلىششنى تۈپ ئاساس قىلغان خىتاي مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان، كۈن پېتىشتىكى ئوسمانىيلارنىڭ خارابىسىدە بولسا، ئەنۋەر پاشا، تالات پاشا ۋە مۇستاپا كامال پاشالارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىراقلا جانلانغان مىللىي ئىسلاھاتلار نەتىجىسىدە ئاناتولىيەدىكى «تۈرك» نامىدا يېڭى مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان قەۋملەر 1923 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «تۈركىيە» نامىدىكى مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان ئىدى. ھالبۇكى، يېڭى تۈرك مىللىتى ۋە يېڭى خىتاي مىللىتى شەكىللىنىپ، مىللىي دۆلىتىنى قۇرۇۋاتقان شۇ پەيتلەردە تارىم، يارىش، ئىدىقۇت ۋە ئىلىدىكى ئۇيغۇر خەلقى بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنەلمىگەن ئىدى. 1911 ـ يىلىدىن 1933 ـ يىلىغىچە بولغان 22 يىلدا ئۇيغۇرلارنىڭ زامانغا لايىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ياك زېڭشىن، ما فۇشىڭ ۋە ما شاۋۇ قاتارلىق بىر نەچچە مانجۇ قالدۇقلىرى تەرىپىدىن بىتچىت قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى جاھالەت كۈچلىرى، ساتقۇنلار ۋە مىللىي مۇناپىقلار يۇقىرىقى ئۈچ ئەبلەخنى ئارقا تېرەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ قىممەتلىك چارەك ئەسىر ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن. خەلقىمىز شۇ چاغدا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن چارەك ئەسىرنىڭ بەدىلىنى ھېلىھەم ئاشۇرۇپ ئۆتىمەكتە.

مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم 1920 ـ يىلى ئەۋجىگە چىققان يېڭىلىق ۋە كونىلىق تالاش تارتىشلىرىدا جەدىتچىلەر دەپ نام ئالغان ئىسلاھاتچىلار تەرەپتە تۇرغاچقا، خوتەنگە ۋالىي بولغان ما شاۋۇ تەرىپىدىن باش قازىلىقتىن ئېلىپ تاشلانغان. بىراق، ئۇ قاراقاشتىكى ئويۋاغ مەدرىسىدىكى نوپۇزىنى داۋاملىق ساقلاپ، 1922 ـ يىلى ياش مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى ئۆزىگە خەلپەتلىككە تەكلىپ قىلغان. ئۇ شۇندىن بۇيان «ھەزرىتىم» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇغرا ئەپەندى ئۆزىدىن 38 ياش چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇمنى ئۆز ئاتىسىنىڭ ئورنىدا كۆرگەن. چۈنكى، نېملا دېگەن بىلەن بۇغرا ئەپەندىنىڭ ئەجداتلىرى 1860 ـ يىللاردىكى خوتەن ئىسلام خانلىقىنى قۇرغۇچىلار بولسا، ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئاتىسى بۇ خانلىقنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، 1922 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە ئون يىل بىللە مۇدەررىسلىك قىلغان ئا.تا. ـ با.لا دېمەتلىك بۇ ئىككى كىشى 1933 ـ يىلىغا كەلگەندە، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ شانلىق ۋە قۇتلۇق سەھىپىسىنى بىرلىكتە ئاچقان.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى 1932 ـ يىلى 22 ـ سېنتەبىر مەخپىي ھالدا «مىللىي ئىنقىلابىي كومىتېت» نى قۇرۇپ چىقىپ بىر ئاي ئىچىدىلا ھەربىي كۈچىنى خوتەندىكى دۈشمەننىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن تەڭلەشتۈرەلىگەن. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھەجدىن ئۇدۇل خوتەنگە يېتىپ كەلگەن سابىت داموللام 1933 ـ يىلى 5 ـ يانۋار كېچىسى، يەنى شۇ يىلى رامىزاننىڭ بېشىدا مەزكۇر مەخپىي تەشكىلاتقا ئەزا بولغان.

گەرچە، مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم شۇ چاغدا يالغۇز قاراقاشنىڭلا دىنىي پېشۋاسى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، پۈتۈن خوتەننىڭ دىنىي پېشۋاسى بولسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋالىيسى ما شاۋۋۇ ئۇنى يوشۇرۇن نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇ پەقەت 1933 ـ يىلى 24 ـ يانۋار كېچىسى، يەنى مىللىي قوراللىق قوزغىلاڭدىن ئازراق بۇرۇن بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولغان. نەتىجىدە، ئىنقىلابچىلار شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى قاراقاشنى ئازات قىلىپ، كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدىلا ھازىرقى تۈركىيەدەك كۆلەمدىكى جايلارنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىپ، شۇ يىلى 5 ـ ئاپرېل يەكەندىن تاكى چاقىلىققىچە، ئاقسۇدىن كەشمىرگىچە بولغان جايلاردا خوتەن ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم «مىلىك ھەزرەت»، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى «ئەمىر ھەزرەت»، سابىت داموللام «شەيخۇلئىسلام» مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. تولىمۇ ئەپسۇسكى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ بېشىدىكى تۇنجى مىللىي جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسى بولغان مەزكۇر مىللىي ھاكىمىيەتمۇ جۇمھۇرىيەتكە ئوخشاشلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ قۇربانى قىلىنىۋېتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھېچقانداق چەتئەل ياردىمىگە تايانماي دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، مۇكەممەل تەرتىپ ئورناتقانلىقىدىن قاتتىق چۆچىگەن ستالىن ھاكىمىيىتى شەھدانە خوتەن خەلقىنى قايتىدىن باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ئۈچۈن، ما جوڭيىڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگان باندىتلارنى 1934 ـ يىلى يازدىن 1937 ـ يىلى كۈزگىچە ئۈچ يىلدىن كۆپرەك خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىللىسىغا مىندۇرۇپ قويغان.

1934 ـ يىلى 5 ـ ، 6 ـ ئايلاردىكى ئۇرۇشلاردا مەزكۇر باندىتلاردىن قاتتىق مەغلۇپ بولغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كۆپ قىسىم مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىكتە شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يۇرتىنى تەرك ئېتىپ كەشمىرگە چىقىپ كەتكەن. بىراق، مۇھەممەدنىياز ئەلەم ئاخۇنۇم بۇ چاغدا 70 ياشتىن ھالقىپ قالغاچقا، ھەم خوتەن خەلقىنىڭ بىھۇدە قىرىلىپ كېتىشىنى خالىمىغاچقا، سەپداشلىرىنىڭ بىللە ھىجرەت قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلىپ، ما خۇسەن باشلىق تۇڭگان باندىتلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان. ما خۇسەنمۇ ئۇنىڭ نوپۇزىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا پۈتۈن تۇڭگانلار نامىدىن كاپالەت بېرىپ، خەلقنى ئەزمەسلىككە ۋەدە بەرگەن. ئۇلار دەسلەپتە بىر مەزگىل ئەلەم ئاخۇنۇمنى خوتەنگە ھۆكۈمران قىلىپ تىكلەپ، ئاساسىنى پۇختىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى قورچاق ھۆكۈمرانغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى ئۈچ يىللىق ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئۆمرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزگەن. 1937 ـ يىلى كۈزدە قايتىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ماخۇسەن كۈچلىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، خوتەن تەۋەسىمۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ قولىغا ئۆتكەن. دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن يەنە بىر قېتىم پايدىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن 74 ياشلىق مىلىك ھەزرەت 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سانجۇ يولى ئارقىلىق كەشمىرگە ھىجرەت قىلىپ، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا مىڭبىر جاپادا كەشمىرگە يېتىپ بارغان. بىراق، بۇ يەردىمۇ ستالىننىڭ پايلاقچىلىرىغا دۇچ كەلگەن ۋە بۇ يەرنىڭ سوغۇق ھاۋاسىغا كۆنەلمىگەن مىلىك ھەزرەت 1938 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى كەشمىردىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا قاراپ يولغا چىقىپ، شۇ يىلى فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، ئەرەبىستاندىكى مەدىنە

مۇنەۋۋەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. تولىمۇ ئەپسۇسكى، تېخى مەدىنىگە يەرلەشكىنىگە بىر يىلمۇ توشمىغان مېلىك ھەزرەت 1939 ـ يىلى تۇيۇقسىز ۋاپات بولۇپ، مەدىنىدىكى «بەقى بوستانلىقى» ناملىق مەشھۇر مازارغا دەپنە قىلىنغان.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە مۇكەررەمە شەھرىدە تۇرۇشلۇق ئالىم مۇھەممەد قاسىم ھاجىم مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم توغرىلىق مۇنداق دېگەن :« بۇ كىشى خوتەن خەلقىنىڭ كاتتا ئۆلىماسى ئىكەن، مۇھەممەت ئەمىن بۇغرا خوتەندە ئىنقىلاپ قىلغاندا، سابىت داموللاملار بىرلىشىپ بۇ كىشىنى خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىغان، ھەمدە بۇ كىشى " مەلىك ھەزرەت" دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئىكەن. كېيىنچە ئىنقىلاب مەغلۇپ بولۇپ، خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى تۇنگانلارنىڭ قولىدا يېقىلغاندىن كېيىن، 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەن ئىنقىلابچىلىرى ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم دوستى ئابدۇلجېلىل داموللام بىلەن ئانا ۋەتەندە قېلىپ بېشىغا كېلىدىغانلارنى كۆتۈش قارارىغا كېلىدۇ ۋە ھىجرەت قىلىش پىكرىگە كۆنمەيدۇ. تۇنگانلار تۆت يىلغىچە مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمغا ئۆلار چېقىلمىغان. پەقەت 1937 ـ يىلى كۈزدە شىڭشىسەي ھاكىمىيىتى تۇنگانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ خوتەننى بويسۇندۇرغاندا، خوتەندىكى ئىسلام ھاكىمىيىتى ۋە مەھكىمە شەرئىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ ۋە دىنىي ئالىملار، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر تەقىبلىنىشكە باشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم كەشمىرگە ھىجرەت قىلىپ كېتىدۇ. دوستى ئابدۇلجېلىل ھاجىم خوتەندە قېلىپ قالىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي تۈرمىگە تاشلىنىپ، تۈرمىدە ھاياتى تۈگەيدۇ». مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم 1938 ـ يىلى كەشمىردىن ئايرىلىپ مىڭ جاپادا سەئۇدى ئەرەبىستانغا يېتىپ كېلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە تۇرۇشقا باشلايدۇ. 1939 ـ يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە ۋاپات بولۇپ، پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ يېنىدىكى <بەقىي> قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ».

مەلىك ھەزرەت ۋاپات بولغاندا كابۇلدا تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرىدىغان بۇ پېشقەدەم كۈرەشچى سەپدىشىنىڭ ۋاپاتىدىن تولىمۇ قايغۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئاتاپ مەرسىيەلەرنى يازغان. بىراق، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش پۇرستى پەقەت 1950 ـ يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن نېسىپ بولغان. تارىخ چاقى 1965 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇنغا كەلگەندە، مەلىك ھەزرەتنىڭ سەپدىشى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەپەندى ئەنقەرەدە ۋاپات بولغان.

ئالدىنقى ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتقان بۇ ئىككى گىگانت ئەزىمەتنىڭ بىرىنىڭ قەبرىسى مەدىنىدىكى بۈيۈك پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى مىليونلىغان نامسىز قەبرىلەر ئارىسىدا ئۆن ـ تىنسىز يوقالغان بولسا، يەنە بىرىنىڭ قەبرىسى ئەنقەرەدە توپا بېسىپ ياتماقتا. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ سەركىلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم. ھەجگە بارغاندا چوقۇم مېلىك ھەزرەتنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ تېپىپ يوقلىشى لازىم. ناۋادا يۇقىرىقى ئەزىمەتلەرنىڭ قەبرىلىرى بىز ھايات تۇرۇپ توپا بېسىپ قالسا ياكى ئۆن ـ تىنسىز غايىپ بولسا، ئۇنداقتا پات ئارىدا بىزنىڭ قۇيرۇقىمىزنىمۇ قۇم بېسىپ، نام ـ نىشانسىز يوقىلىمىز. ئۆزىنىڭ مىللىي سەركىلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلارنى تارىخمۇ، كەلگۈسى يېڭى نەسىللەرمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ ۋە شاللاپ تاشلايدۇ.

# خىتاينىڭ «ئۇرۇش بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە يەسكويغا چۈشۈشى



دۇەن شياۋلىن، ليۇ يىتوڭ

# خىتاينىڭ «ئۆرۈش بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە پەسكويغا چۈشۈشى

دۇەن شىياۋلىن، لىيۇ يىتوڭ

(بۇ ماقالە «دىپلومات» توربىدا ئېلان قىلىنغان)

**يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىتاينىڭ «ئۆرۈش بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» (战狼外交)، يەنى يېڭى تىپتىكى ئۆرۈشقاق دىپلوماتىيەسى دۇنيا مىقياسىدا خىتاينىڭ خورىكىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئەندىشە قوزغىدى. بۇنىڭ مۇنداق بىر قانچە تىپىك مىسالى بار.**

**2020-يىلى 3-ئايدا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى باياناتچىسى جاۋ لىجيەن (赵立坚) سۈيىقەست نەزەرىيەسىنى بازارغا سېلىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ 2019-يىلى 10-ئايدا ۋۇخەندە ئۆتكۈزۈلگەن «دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى» جەريانىدا COVID-19 ۋىرۇسىنى خىتايغا ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى.**

**2020-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئاۋستىرالىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش جىنايىتىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى «برېرېتون دوكلاتى» (Brereton Report) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جاۋ لىجيەن بىر ئاۋستىرالىيە ئەسكىرىنىڭ ئافغانىستانلىق بىر بالىنى بوغۇزلاۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە رەسىمنى تۋىتېردا ھەمبەھىرلىدى. بۇ تۋىتېر يوللانمىسى خىتاي بىلەن ئاۋستىرالىيە ئوتتۇرىسىدا دىپلوماتىك سۈركىلىشكە سەۋەب بولدى.**

**خىتاينىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لۇ شايې (卢沙野) ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان «ئۆرۈش بۆرىسى» دىپلوماتىدۇر. ئۇ خىتاينىڭ COVID-19 يۇقۇمىغا قايتۇرغان ئىنكاسىنى ماختاپ-ئۇچۇرۇپ، غەربنىڭ ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش سىياسەتلىرىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ يەنە فىرانسىيەدىكى پارلامېنت ئەزالىرى، تەتقىقاتچىلار ۋە تاراتقۇلارنى تەيۋەننى قوللايدىغان سۆزلىرى سەۋەبلىك كۆپ قېتىم ھاقارەتلىدى. رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، لۇ شايې 2023-يىلى 4-ئايدا زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا، شەرقىي ياۋروپادىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ (ئۇكرائىنامۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.**

دېڭ شياۋپىڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى، كۆپىنچىسى ئېھتىياتچان، دوگما ۋە چەتئەل تاراتقۇلىرى بىلەن كەمدىن كەم باردى-كەلدى قىلىدىغان ختاي دىپلوماتلىرىغا ئوخشىمايدىغىنى، شى جىنپىڭ دەۋرىدىكى «ئۆرۈش بۆرىسى» دىپلوماتلىرى ختاينىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى «چەتئەلنىڭ دۈشمەنلىكى»دىن قوغداشتا تولىمۇ ئۆرۈشخۇمار تۇتۇم ئىزھار قىلىپ كەلدى. شۇنداقلا، ئۇلار يەنە كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاشقىمۇ ئىنتايىن ھېرىس.

## «ئۆرۈش بۆرىسى دىپلوماتىيەسى»نىڭ ئىچكى سەۋەبلىرى

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، پەقەت ئاز ساندىكى ختاي دىپلوماتلىرىلا «ئۆرۈش بۆرىسى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ختاي ئەمەلدارلىرى بۇ سۆزنى ياقتۇرمايدۇ. («ئۆرۈش بۆرىسى» دەپ ئاتالغان) بۇ دىپلوماتلارنىڭ تالاش-تارتىش قوزغىغان باياناتلىرى ۋە قىلمىشلىرى كۆپىنچە شەرقىي تۈركىستان، تەيۋەن ۋە خوڭكوڭ قاتارلىق سەزگۈر مەسىلىلەرنى ــــ بۇلار ختاي دائىرىلىرىنىڭ رەسمىي باياناتلىرىدا ختاينىڭ «يادرولۇق مەنپەئەتى» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ ــــ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ختاينىڭ COVID-19 يۇقۇمىنى تىزگىنلەش سىياسىتىنى ختاينىڭ ئەنئەنىۋى گېئوئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىدىن ھالقىپ تۇرۇپ ياقىلاش «ئۆرۈش بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. (ختايدا) ختاي بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى ئوخشىمىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرى «تۈزۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى، دۆلەت كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى، ھاكىمىيەت ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدىكى، ھەتتا كۈلتۈرلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت» دەپ تەسۋىرلەندى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ختاي دىپلوماتلىرى ختاينى قوغداشتا ــــ مەسىلەن، غەرب ئەللىرى COVID-19 ۋىرۇسىنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرغاندا ياكى ختاينىڭ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياسىتىنىڭ ئۈنۈمىنى تەنقىد قىلغاندا ــــ «تەشەببۇسكار» بولدى.

ختاينىڭ «ئۆرۈش بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنى يولغا قويۇشىدا نۇرغۇن ئىچكى سەۋەبلەر بار بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ ئامىل ئاساسلىق رول ئوينايدۇ: شەخسىي تۈرتكە؛ ختاينىڭ تاشقى تەشۋىقات سىستېمىسىدىكى تۈزۈم ئۆزگىرىشى؛ ختاينىڭ ئىستراتېگىيەلىك بۇراش تاكتىكىسى.

بىرىنچى، شەخس قاتلىمىدا، دىپلوماتلارنى تەشەببۇسكار ۋە قاتتىق تۇتۇم ئىزھار قىلىشقا ئۈندەيدىغان كۆپ خىل تۈرتكە مەۋجۇت. ختاي دىپلوماتلىرى شەخسىي ئىناۋىتى ۋە كەسپىي ئىستىقبالىنى يۈكسەلدۈرۈش، شۇنداقلا غوجىئاكىلىرىغا بولغان ساداقىتىنى نامايان قىلىش ئىستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇنداق تۇتۇم ئىزھار قىلىشى مۇمكىن. «ئۆرۈش بۆرىسى» دىپلوماتىيەسى ۋە شۇ سەۋەبلىك دىپلوماتلارنىڭ

تاراتقۇلاردا كۆرۈلۈش نىسبىتىنىڭ ئېشىشى بەزى پۇرسەتپەرەس دىپلوماتلار ئۈچۈن ئۆز خىزمەتداشلىرىدىن ھالقىپ، مەنسىپىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاسان يولى بولالايدۇ.

يەنە بىر خىل ئېھتىماللىق شۇكى، بەزى «ئۇرۇش بۆرىسى» دىپلوماتلىرى پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن كەسپىي ئىستىقبالىنى كۆزلەپلا قالماستىن، بەلكى قاتتىق تۇتۇم ئىزھار قىلمىسا، باشلىقلىرى ياكى دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتچىلەر تەرىپىدىن «لىك تاسما» دەپ تەنقىدلىنىشتىن ئەنسىرىشى مۇمكىن. خىتاي سىياستىدە شۇنداق بىر ئەنئەنە باركى، بيۇروكراتلار ياكى دىپلوماتلارنىڭ چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسىگە قارىتا دىپلوماتىك تەدبىر قوللىنىشىنىڭ ئورنىغا جىدەلخور تۇتۇم ئىزھار قىلىشى (يەنى «قەتئىي بوزەك بولماسلىقى») ئۈمىد قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، خىتاينىڭ تاشقى تەشۋىقات سىستېمىسىدىكى بيۇروكراتىك ئۆزگىرىش «ئۇرۇش بۆرىسى» دىپلوماتىيەسى ۋە تەشۋىقاتىغا ئىلھام بەردى. دېڭ شياۋپىڭ دەۋرىدە، خىتاينىڭ تاشقى تەشۋىقاتى ۋە دىپلوماتىيەسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانىدى. خىتاي دائىرىلىرى «تاشقى تەشۋىقاتنىڭ مەقسىتى چەتئەللەرنىڭ گەۋدىلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش، خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشى كۆرسىتىش ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھالدا دوستانە خەلقئارا كەيپىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش» ئىكەنلىكىنى تەكرار تەكىتلىگەنىدى. ھالبۇكى، تاشقى تەشۋىقات تەرەققىي قىلىپ دىپلوماتىيە ۋە تەشۋىقاتنىڭ ئۆزئارا سىغىشالمايدىغان ئارىلاشمىسىغا ئايلىنىپ، تاشقى ئىشلاردا تېخىمۇ كۆرەڭ تۇتۇم ئىزھار قىلىشقا سەۋەب بولدى.

بۇ جەھەتتىكى بىر خەتەرلىك يۆزلىنىش «تاشقى تەشۋىقاتنى ئىچكى تەشۋىقاتقا ئوخشىتىش» (外宣内宣化) بولۇپ، بۇ تاشقى تەشۋىقاتتا ئىچكى تەشۋىقاتنىڭكىگە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر خىتاينىڭ تاشقى تەشۋىقاتىدا خىتايچە سوتسىيالىزم، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى، تاشقى ئىستراتېگىيەسى، شۇنداقلا خىتاينىڭ تەيۋەن، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزى ۋە كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى سىياسەتلىرى داۋراڭ سېلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەتئەلنىڭ خىتاينىڭ گېئوئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتىگە ۋە ئىچكى سىياسىتىگە ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقى تەكىتلەنمەكتە. ئەمەلىيەت جەريانىدا، خىتاي دائىرىلىرى ئۆز دىپلوماتلىرىدىن خىتاينىڭ يادرولۇق دۆلەت مەنپەئەتىگە چېتىشلىق مەسىلىلەردە چەتئەلنىڭ مۇداخىلىسىگە تېخىمۇ دادىل قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئىستراتېگىيەلىك بۇراش (strategic diversion) خىتاينىڭ «ئۇرۇش بۆرىسى» دىپلوماتىيەسىنى چۈشىنىشتە ئىنتايىن مۇھىم. بۇ خىتاينىڭ دىپلوماتىك كرىزىس مەزگىلىدە ئەيىبنى باشقىلارغا دۆڭگەش، «قۇربانلىق» يارىتىش ۋە مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى كۈرۈكلەش ئۈچۈن، «قاتتىق

تۈتۈم ئىزھار قىلىش» ۋە «باشقىلارنى ئەيىبلەش» قاتارلىق دىققەت بۇرايدىغان تاكتىكىلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، خۇبېي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يۇقۇمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تاجىسىمان ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى كونترول قىلالمىغانلىقى خەلقئارانىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىدى. لېكىن، ختاي دىپلوماتلىرى ھەمىشە («يۇقۇمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تاجىسىمان ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنى كونترول قىلالمىدۇق» دېگەن) بۇ خىل بايانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىنكاسىنىڭ ئۈنۈمىنى ۋە ختاينىڭ خەلقئارالىق ئاممىۋى ساغلاملىق كرىزىسىنى ھەل قىلىشقا قوشقان تۆھپىسىنى پەش قىلىشتى.

شۇنىڭدىن ئىلگىرى، خوڭكوڭدا دېموكراتىيەپەرەسلەرنىڭ نامايىشى كۆچەيگەندە، ختاي ھۆكۈمىتى خوڭكوڭدىكى «ختايغا قارشى بۇزغۇنچى كۈچلەر»نى ئەيىبلەپلا قالماي، يەنە ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ باشچىلىقىدىكى «چەتئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەر»نىڭ مۇداخىلىسىنىمۇ ئەيىبلىگەندى. ختاي دائىرىلىرى خوڭكوڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى نارازىلىقلارنى «دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى كۈچلەر»گە دۆڭگەش ئارقىلىق، بۇ رايونلاردىكى سىياسىي مەغلۇبىيىتىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان پاسسىپ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشكە ئۇرۇندى. بۇ ختاينى تېخىمۇ كۆپ ۋاقىتقا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇللۇق سىياسىي تۈزۈلمىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تاكتىكا جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## «ئۇرۇش بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» پەسكويغا چۈشتىمۇ؟

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئۇرۇش بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» يېقىندا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى ۋە ختاينىڭ دىپلوماتىيەسى تەڭشىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. جاۋ لىجيەنىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى نىسبەتەن ئىككىلەمچى بۆلۈمگە يۆتكەلگەنلىكى دەل شۇنىڭ ئىپادىسىدۇر. لۇ شايېمۇ پات يېقىندا پېنسىيەگە چىقىشى مۇمكىن.

سىياسىي بيۇرونىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشى جەريانىدا، شى جىنپىڭ «ئىشەنچلىك، قايىل قىلارلىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ختاي ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن ئوچۇق ـ ئاشكارىلىقنى ۋە ئىشەنچنى نامايەن قىلىدىغان، ئەمما ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كەمتەرلىكنى ۋە كىچىك پېئىللىقنى ئىپادىلەيدىغان بايان تۈسىنى قوللىنىش لازىم»لىقىنى تەكىتلىدى. بۇ تەدبىرلەر ختاينىڭ دىپلوماتىيە ۋە تاراتقۇلاردىكى تىركىشىش خاراكتېرلىك سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ، دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يۇمشىتىش ئۇرۇنۇشىدەك قىلىدۇ. ختاي ئۆز دىپلوماتىك سىياسىتىنىڭ غەرب بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە زىيان يەتكۈزۈشىنى خالىمايدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك دۆلەت ئىچى ئىقتىسادى ئاستىلىغان مەزگىلدە تېخىمۇ شۇنداق.

**خىتاينىڭ تاشقى سىياستىنى، بولۇپمۇ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قانداق تەڭشەيدىغانلىقىنى يەنىلا بىر مەزگىل كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر تەڭشەش ماھىيەتلىك ۋە ئەتراپلىق بولسا، «ئۆرۈش بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» پەقەت ۋاقىتلىق ھادىسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ يەنە شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، خىتاينىڭ دىپلوماتىيەسىدە گاھىدا ئۆرۈشقاق تۇتۇم ئىزھار قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ خىتاينىڭ سەزگۈر دىپلوماتىك مەسىلىلەر ۋە توقۇنۇشلار توغرىسىدىكى بېسىملارغا قايتۇرغان ئىنكاسىدۇر، ئەمما بۇ خىتاينىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىدىكى تۈپ ئۆزگىرىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.**

**ھالبۇكى، يۇقىرىقى ئۈچ ئىچكى ئامىلنىڭ دالالەت قىلغىنىدەك، گەرچە خىتايدا دىپلوماتىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما «ئۆرۈش بۆرىسى دىپلوماتىيەسى»نىڭ ئۆرۈقى خىتاي سىياسىتىدە ھېلىھەم مەۋجۇت. خىتاي ئۆزىنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك نەزەر شەكىللەندۈرۈشى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ۋە تاكتىكىلىق ئېھتىياجىنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. «ئۆرۈش بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» ياكى باشقا تېپتىكى زورلىغۇچى دىپلوماتىك تۇتۇملار خىتاي ھۆكۈمىتىنى دۆلەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا يۈزى تۆكۈلۈشتىن ساقلاپ قالالىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرى تولىمۇ چوڭقۇر ۋە سەلبىي بولۇشى مۇمكىن.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://thediplomat.com/2023/09/the-rise-and-fall-of-chinas-wolf-warrior-diplomacy/



# جىسمانىي ھەرىكەت بالىلارنى چىدامچان قىلىدۇ

ئاندرىيا بونىيور

# جىسمانىي ھەرىكەت بالىلارنى چىدامچان قىلىدۇ

دوكتور ئاندرىيا بونىيور

**ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار**

بىر تۈرلۈك يېڭى تەتقىقاتتا جىسمانىي ھەرىكەتلەرنىڭ بالىلارنىڭ بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرالايدىغانلىقى بايقالدى.

بۇ باغلىنىشچانلىق تەتقىقاتى بولۇپ، مەزكۇر ئامىللار ئارىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. شۇڭا، تېخىمۇ كۆپ تەتقىقاتلارنى ئىشلەش زۆرۈر.

جىسمانىي ھەرىكەت بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

**ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى روھىي ساغلاملىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان، شۇنداقلا ئامېرىكادىكى مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ تەرتىپسىز ئويۇن ئويناش ۋاقتىنىڭ ۋە جىسمانىي ھەرىكەتلىرىنىڭ بارغانسېرى ئازىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ستاتىستىكىلار ئوتتۇرىغا چىققان بۇ پەيتتە، بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ـ كۆرسەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.**

**بېيرېل ئۇنىۋېرسىتېتى تەنتەربىيە، چېنىقىش ۋە ساغلاملىق فاكۇلتېتىدىكى مانۇئېل خەنك (**Manuel Hanke**) بىلەن سېباستىيان لۇدىيگا (**Sebastian Ludyga**) دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر تەتقىقات ئېلىپ باردى.**

**نۇرغۇنلىرىمىز خېلى ئىلگىرىلا ئىنسان قانچە ياشتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىسمانىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەم جىسمانىي، ھەم روھىي ساغلاملىققا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ھالبۇكى، بۇ ئەڭ يېڭى تەتقىقات بالىلار بېسىمغا ئۇچرىغاندا، جىسمانىي ھەرىكەت بىلەن بالىلارنىڭ بېسىمغا ماسلىشىش ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدىكى كونكرېت ئالاقىنى تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.**

**مەزكۇر تەتقىقات ئەترىتى 10 ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان بىر گۇرۇپپا بالىلارنى بىر ھەپتە ئىز قوغلاپ كۆزەتكەن. تەتقىقاتچىلار ئۇ بالىلارنىڭ جىسمانىي پائالىيىتىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەدىنىگە ئىز قوغلاش ئۈسكۈنىسى ئورناتقان ھەمدە 110 بالىنى تۆۋەن سىجىللىق ۋە يۇقىرى سىجىللىقتىكى**

گۇرۇپپىلارغا ئايرىغان. تۆۋەن سىجىللىقتىكى گۇرۇپپىدىكىلەر كۆنگە ئوتتۇز مىنۇتتىن ئاز، ئوتتۇراھال ۋە كۈچلۈك بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، يۇقىرى سىجىللىقتىكى گۇرۇپپىدىكىلەر بولسا كۈنگە ئاتمىش مىنۇتتىن ئارتۇق بەدەن چېنىقتۇرغان.

ئاندىن، باللار ئۆزىدە بېسىم پەيدا قىلىدىغان ياكى بېسىم پەيدا قىلمايدىغان بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىككى قېتىم تەجرىبىخانىغا ئاپىرىلغان. بېسىم پەيدا قىلىدىغان ۋەزىپە «باللارغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي بېسىم سىنىقى» (Trier Social Stress Test for Children) ئىدى. بۇ سىناقنىڭ باشقىلارنىڭ قوللىشى ۋە ئىجابىي ئىنكاسى يوق ئەھۋالدا، يۈزتۇرانە سىناق (مۇلاقەت) ئۇسلۇبىدىكى تونۇشتۇرۇش ۋە كىشىنى تەمتىرىتىدىغان كۆڭۈلدە ھېسابلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغۇزۇش ئارقىلىق ئىشتىراكچىدا ــــ ھەتتا چوڭلاردا ــــ بېسىم پەيدا قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. يەنە بىرى كىشىدە بېسىم پەيدا قىلمايدىغان، ئۆزگىرىشچان ئامىللار تىزگىنلەنگەن تەجرىبە ئىدى.

قاتناشقۇچىلارنىڭ بېسىمغا قايتۇرغان ئىنكاسى سىناقنىڭ ئالدىدىكى ۋە سىناق جەريانىدىكى بېسىم ھورمۇنى كورتىزول (cortisol) سەۋىيەسى، يۈرەك رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە ئىشتىراكچى ئۆزى ھېس قىلغان تەشۋىش دەرىجىسىگە ئاساسەن ئۆلچەنگەن.

گەرچە يۈرەك رىتىمىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدا پەرق بايقالمىغان بولسىمۇ، بېسىم پەيدا قىلىدىغان ۋەزىپە جەريانىدىكى كورتىزولنىڭ ئاجرىلىش مىقدارى باللارنىڭ شۇنىڭ ئالدىدىكى بىر ھەپتە ئىچىدە قىلغان جىسمانىي ھەرىكەت مىقدارىغا باغلىق بولغان. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرى سىجىللىقتا جىسمانىي ھەرىكەت قىلدۇرۇلغان گۇرۇپپىدىكى باللارنىڭ «باللارغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي بېسىم سىنىقى» جەريانىدىكى كورتىزول ئاكتىپچانلىقى يەڭگىل جىسمانىي ھەرىكەت قىلغان گۇرۇپپىدىكى باللارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا تۆۋەنرەك بولغان.

شۇ ۋەجىدىن، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جىسمانىي ھەرىكەت سىجىللىقى يۇقىرى باللار ۋەزىپىنى ئورۇنداش جەريانىدا بېسىمنى ئاز ھېس قىلغان ھەمدە ئادەتتە مۇشۇ خىل ۋەزىپىلەر پەيدا قىلىدىغان تەشۋىشنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ ئاز ئۇچرىغان.

ئەلۋەتتە، بۇ پەقەت بىر باغلىنىشچانلىق تەتقىقاتىدۇر: تەتقىقاتقا قاتناشقان باللار ئۆزلىرى قىلمىش سۈپىتىدە تاللىغان ھەرىكەتلەرگە ئاساسەن يۇقىرى ۋە تۆۋەن سىجىللىقتىكى ھەرىكەت گۇرۇپپىلىرىغا بۆلۈنگەن. ئۇلار تېخىمۇ ئاز ياكى تېخىمۇ كۆپ جىسمانىي ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇلمىغان، شۇڭا مەزكۇر تەتقىقات «تېخىمۇ كۆپ جىسمانىي ھەرىكەت ئۇلارنىڭ كورتىزول ئىنكاسچانلىقىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان» دەپ ئېنىق يەكۈن چىقىرالمىغان.

ئەسلىدىنلا جىسمانى جەھەتتىن ئاكتىپ بولمىغان باللار بېسىمغا تېخىمۇ جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، جىسمانىي ھەرىكەت سەۋىيەسىنى ياكى بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى

**چۈشەندۈرەلەيدىغان، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنى مەلۇم شەكىلدە بىر ـ بىرىگە باغلاپ، جىسمانىي ھەرىكەت سەۋىيەسىنى بېسىمغا ئىنكاس قايتۇرۇش سەۋىيەسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان قىلىدىغان بىر قىسىم ئۆزگىرىشچان ئامىللارمۇ بار بولۇشى مۇمكىن.**

**شۇنداق بولۇشغا قارىماستىن، تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشچە، چېنىقىش ئاكتىپ كەيپىياتنىڭ كۆچىيىشىگە تۈرتكە بولىدىكەن. شۇڭا تېخىمۇ كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغان بالىلارنىڭ روھىي جەھەتتە تېخىمۇ ساغلام بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە ئاساس بار. شۇنداقلا، مەزكۇر تەتقىقات بۇ ئوخشىماسلىقلارنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتىكى مۇھىم تۈنجى قەدەمدۇر.**

**گەرچە نۇرغۇن مەكتەپلەر تەنتەربىيە دەرسى ۋە دەم ئېلىش ۋاقتىنى بارغانسېرى قىسقارتىپ، ئوقۇتۇشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تەدبىرلەرنىڭ بولغۇسى خەۋپلىرىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئويلىشىشى كېرەك، چۈنكى بۇ بالىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە تولىمۇ روشەن سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.**

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

**مەنبە:**

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/friendship-20/202309/how-recess-may-help-your-childs-resilience



# خىتاينىڭ قارا نىيىتىگە قارشى ئامېرىكانىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىسى

نەدىن ئىبراهىم

# خىتاينىڭ قارا نىيىتىگە قارشى ئامېرىكانىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىسى

نەدىن ئىبراھىم

(بۇ ماقالە «CNN» تورىدا ئېلان قىلىنغان)

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدىن، شۇنداقلا ھىندىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ رەھبەرلىرى 9-سېنتەبىر تۆمۈر يول ۋە پورت ئارقىلىق ھىندىستاننى ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپاغا تۇتاشتۇرىدىغان يېڭى سودا يولىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بۇ پروجېكتنىڭ «يېڭى باغلىنىش دەۋرى»نى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بەزى تەھلىلچىلەر بۇنى خىتاينىڭ ئۆزىنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغان نەچچە تىرىليون دوللارلىق ئۇلۇغ مۇئەسسەسە پروجېكتى بولمىش «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا بىۋاستە خىرىس قىلغانلىق، دەپ قاراشماقتا.

بايدىننىڭ ھىندىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن G20 باشلىقلار يىغىنىدا ئېلان قىلغان مەزكۇر پروجېكتى ياۋروپا بىرلەشمىسى، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە گېرمانىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پروجېكت ھىندىستاننى پارس قولتۇقىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان شەرقىي كارىدور بىلەن دېڭىز قولتۇقى دۆلەتلىرىنى ياۋروپاغا تۇتاشتۇرىدىغان شىمالىي كارىدوردىن ئىبارەت ئىككى ئايرىم لىنىيەدىن تەركىب تاپقان.

بۇ چوڭ پىلان ئامېرىكانىڭ خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى چەكلەشتە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا تايىنالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارس قولتۇقى ئەللىرىنىڭمۇ ئامېرىكا قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن خىتايغا ئوخشاش يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان شېرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى كۆپ قۇتۇپلۇق يېڭى دۇنيا تەرتىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن قانداق يول تۇتۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۈچۈن مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي شېرىك دەپ قارايدۇ.

بايدىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى مۇھەممەد بىن زەيىدكە: «رەھمەت، رەھمەت، رەھمەت سىزگە! سىز بولمىغان بولسىڭىز، بۇ يەرگە جەم بولالمىغان بولاتتۇق» دېدى.

تاۋار ۋە مۇلازىمەتلەر ئەرەب يېرىم ئارىلى دۆلەتلىرى، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىئوردانىيە، ئىسرائىلىيە ۋە ياۋروپادىن ئۆتىدۇ. مەزكۇر لىنىيە يەنە ئېلېكتىرىك ۋە رەقەملىك ئۇلىنىشنى روياپقا چىقىرىدۇ، شۇنداقلا پاكىز ھىدروگېن ئېكسپورتى ئۈچۈن تۇرۇبا يولى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ.

ھىندىستان باش مىنىستىرى نارېندرا مودى بىلەن مۇھەممەد بىن زەيىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان بايدىن باشلىقلار يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان كېلىشىمنىڭ «كاتتا ئىش» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن: «دۇنيا تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرماقتا. بۇ پروگراممىغا مەبلەغ سېلىش ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ مۇھىم» دېدى.

سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان ئىسرائىلىيەمۇ بۇ پروجېكتنى ئالقىشلاپ، بۇ پروجېكت «بىزنىڭ يەرشارىۋى ۋە تارىخىي ۋەزىيىتىمىزنى ئۆزگەرتىدۇ»، شۇنداقلا «ئىسرائىلىيەنى دۇنيا بىلەن بىرلەشتۈرۈش» تەسەۋۋۇرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، دېدى.

2012-يىلى تەختكە چىققاندىن بۇيان G20 باشلىقلار يىغىنىنى قولدىن بېرىپ باقمىغان ۋە پارس قولتۇقىدىكى ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىۋاتقان خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشمىغانلىقى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى.

«قەرز ۋە سىرتماق» كېلىشىمگە ئورۇنباسار لايىھە

يېقىنقى يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئاكتىپ ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق، بەزى تەھلىلچىلەر بۇ كارىدور خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا جەڭ ئېلان قىلىشنى مەقسەت قىلغان، دەپ قاراشماقتا.

خىتاي بۇ غايەت زور ئۇل مۇئەسسەسە پروجېكتىنى 2013-يىلى يولغا قويغان بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر بۇنىڭغا تەخمىنەن بىر تىرىليون دوللار مەبلەغ سالدى. خىتاي دائىرىلىرى ئالدىنقى ئايدا ئۆزىنىڭ يىللاردىن بۇيان 150 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە ئوتتۇزدىن ئارتۇق خەلقئارالىق تەشكىلات بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» ھەمكارلىق ھۆججىتى ئىمزالىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھالبۇكى، بۇ پروجېكت مەبلەغ يېتىشمەسلىك ۋە بىر قىسىم سىياسىي قارشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى ھەمدە شۇ سەۋەبلىك بەزى تۈرلەر توختاپ قالدى. خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ يۇقىرى خەۋپلىك قەرزى توغرىسىدىكى قاراشلارغا رەددىيە بېرىپ، «بۇ خىل ئەيىبلەشلەر ئومۇمىي ئەھۋالغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دېدى.

بايدىن ئالدىنقى ئايدا خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى ئامېرىكا ۋە G7 دۆلەتلىرى باشقا ئورۇنباسار لايىھەلەر ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولغان «قەرز ۋە سىرتماق كېلىشىمى» دەپ ئاتىغانىدى.

بايدىن 8-ئايدا يۇتا شتاتىدىكى سايلام پائالىيىتى جەريانىدا، ئىئانە قىلغۇچىلارغا قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېدى: «بىز خىتاي <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى> دەپ ئاتىۋالغان پروجېكتنىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا لايىھەلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، G7 دۆلەتلىرىدە مىليارد دوللارلاپ مەبلەغ توپلىدۇق. <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى> ئەسلىدە قەرز ۋە سىرتماق كېلىشىمىدۇر.»

ئەمما، بايدىن 10-سېنتەبىر خىتاينىڭ «بايدىننىڭ ھىندىستان ۋە ۋيېتنام سەپىرى خىتاينىڭ ھىندى-تىنچ ئوكيان رايونىدىكى تەسىرىنى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان» دېگەن سۆزىگە رەددىيە سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش جەھەتتە «سەمىمىي» ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

بايدىن ۋيېتنام سەپىرىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولغان مۇخبىرلارغا: «مېنىڭ خىتاينى چەكلەش خىيالىم يوق، مەن پەقەت خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ» دېدى ۋە خىتاي «قائىدىلەرگە رىئايە قىلغان»لا تەقدىردە، خىتاينىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇنداقتا، بۇ رايوندىكى يېڭى سودا لىنىيەسى خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نى تولۇقلامدۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشەمدۇ؟

بۇ ھەقتە، بېرلىندىكى «ياۋروپا تاشقى مۇناسىۋەتلەر كېڭىشى» دېگەن ئاقىللار ئامبىرىنىڭ تەتقىقاتچىسى سىنزىيا بىيانكو (Cinzia Bianco) مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ رايوندىكى سودا مىقدارى بايدىننىڭ پروجېكتى بىلەن خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا تەڭلا يەتمەسلىكى مۇمكىن. «مەسىلىنىڭ يادروسى شۇكى، بۇ پروجېكت ئۇنىڭ (يەنى خىتاينىڭ <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى>نىڭ) ئورنىنى بېسىشنى مەقسەت قىلغان. يېڭى سودا لىنىيەسىدىكى ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ مەبلىغى ۋە سىياسىي ئىرادىسى يېتەرلىك بولۇپ، بۇ تۈر يېتەرلىك ۋاقىتتا مېۋە بېرىپ، <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى>غا خىرىس قىلالايدۇ.»

ئەمما، يېڭى كارىدور پروجېكتىغا ئىشتىراك قىلغان ئۈچ دۆلەت نۆۋەتتە خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «خىتاينىڭ پروجېكتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان» دەپ قارالغان چوڭ پروجېكتقا قاتنىشىشى سەۋەبلىك ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىشى مۇمكىن. سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئاللىبۇرۇن خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا ئەزا بولۇپ، ئىتالىيەمۇ مەزكۇر پروجېكتقا ئەزا بولغان بىردىنبىر G7 دۆلىتىدۇر.

ھالبۇكى، ئىتالىيە تاراتقۇلىرىنىڭ 10-سېنتەبىر بىلدۈرۈشىچە، ئىتالىيە باش مىنىستىرى گىئورگىيا مېلونى (Giorgia Meloni) خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش بىلەن بىر

ۋاقتتا، ئىتالىيە 2019 ـ يىلى ئەزا بولغان «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»دىن «سىپايىلىق بىلەن» چېكىنىشنىڭ كويىدا ئىكەن.

بىيانكوغا كۆرە، ئىتالىيەنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا ئەزا بولۇشى «بىنورمال ھادىسە» بولۇپ، مېلونىنىڭ ئۇنىڭدىن چېكىنىشى مۇقەررەر ئىكەن.

پارىس قولتۇقى ئەللىرىنىڭ «بىتەرەپلىكى»

ھالبۇكى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانغا نىسبەتەن، «ھىندىستان ـ ئوتتۇرا شەرق ـ ياۋروپا كارىدورى» «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»نىڭ ئورنىنى ئالالماسلىقى مۇمكىن.

دۇبەيدىكى «B'huth» دېگەن ئاممىۋى سىياسەت تەتقىقات مەركىزىنىڭ باش دىرېكتورى مۇھەممەد باھارۇن بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ كارىدور «ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە رايون ئەللىرى قوغلىشىۋاتقان يەر شارىۋى باغلىنىش كۆن تەرتىپىنىڭ نامايەندىسىدۇر. ئۇ خىتاينىڭ <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى> بىلەن رىقابەتلەشمەستىن، ئۆزئارا تولۇقلىشىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىسى تاۋار (ئېنېرگىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پۇل، ئادەم ۋە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يۆتكىلىشىگە قولايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ پروجېكت خىتاينىڭ <بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى>نىڭ <ئورۇنباسارى> ياكى <رىقابەتچىسى> دەپ قارالسا، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ.»

بىيانكو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارىس قولتۇقى ئەللىرىنىڭ مەزكۇر يېڭى پروجېكتكە قاتنىشىش قارارىغا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئاستىلىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەنە ئۇلارنىڭ «(خەۋپنى ئازايتىش مەقسىتىدە) فىشكىلىرىنى (فىشكا ــــ قىماردا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە) ئوخشىمىغان ئويۇنلارغا دو تىكىپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ بېقىش» يولىنى تۇتۇشىغا سەۋەب بولماقتا.

G20 باشلىقلار يىغىنى ۋە بايدىنىنىڭ ئىقتىسادىي كارىدور پروجېكتى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان «كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى تەشكىلاتى» نېفىتكە باي سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنى ئەزالىققا تەكلىپ قىلىپ بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىنلا ئوتتۇرىغا چىققان.

بۇ تەشكىلات ھازىر برازىلىيە، رۇسىيە، ھىندىستان، خىتاي ۋە جەنۇبىي ئافرىقانى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق كېڭىيىش ئېھتىماللىقىنى ئامېرىكانىڭ يەرشارىدىكى نوپۇزىغا خىرىس قىلغانلىق، دەپ قارىماقتا.

پارىس قولتۇقى ئەللىرى «مەيداننى ئېنىق بىلدۈرۈش» بېسىمىغا قارىماستىن، ھەر تەرەپلىمە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتا چېتىشلىق تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قېلىش مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى.

تەھلىلچىلەرگە كۆرە، بۇ خىل مەۋقە پارس قولتۇقى ئەللىرىنى يۆكسەك ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان.

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ئىلگىرى مۇنداق دېگەنىدى: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «< كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى تەشكىلاتى>غا ئەزا بولۇشتىكى مەقسەت دىپلوماتىك چەمبىرىكىمىزنى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىشتۇر. بىز <كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى تەشكىلاتى>غا گېئوسىياسىي نۇقتىدىن ئەمەس، بەلكى گېئوئىقتىسادىي نۇقتىدىن قارايمىز، بۇنىڭدىكى مەقسىتىمىز ئىقتىسادىي رىقابەت كۈچىمىزنى ئاشۇرۇشتۇر.»


شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارس قولتۇقى ئەللىرى ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەتنى ساقلاشنىڭ كويىدا.

بىيانكو يەنە مۇنداق دېدى: «پارس قولتۇقى ئەللىرى بۇ خىل كۆپ قۇتۇپلۇق ۋەزىيەتتىن ۋە يېڭى دۇنيا تەرتىپىدىن پايدىلىنىپ، يەر شارى سودىسىنىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆلىنىش ۋە يەر شارىلىششقا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىشقا ئۇرۇنماقتا.»

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://edition.cnn.com/2023/09/11/middleeast/us-india-gulf-europe-corridor-mime-intl/index.html



# غەم-قايغۇ سەۋەبلىك تۈگشىپ كەتمەك

مۇھەممەد ئارىفى

# غەم ـ قايغۇ سەۋەبلىك تۆگىشىپ كەتمەڭ

دوكتور مۇھەممەد ئارىفىي

سەئىد مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇغۇچىم ئىدى. ئۇ بىر ھەپتە ئون ـ تىنىسىز يوقاپ كەتتى. كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا (ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەنلىكىنى پەملەپ): «ئى سەئىد! كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما» دېدىم.

ئۇ: «ھېچ ئىش يوق، ئالدىراش بولۇپ قالدىم» دېدى. ئەمما، ئۇنىڭ غەمكىنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى.

«زادى نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىۋىدىم، ئۇ: «بالام ئاغرىپ قالغانىدى. جىگىرى كاردىن چىقىپتۇ، بىر قانچە كۈن ئىلگىرى قېنى زەھەرلىنىپتۇ. تۈنۈگۈن زەھەر مېڭىگە ئۆتۈپتۇ» دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ: «لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچكىمدە كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر). سەۋر قىلغىن. ئاللاھ بالاڭغا شىپا بەرگەي. ئەگەر ئاللاھ ئۇنى ۋاپات قىلدۇرۇشنى تەقدىر قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنى سەن ئۈچۈن شاپائەتچى قىلىپ بەرگەي» دېۋىدىم، سەئىد: «ئۇستاز، شاپائەتچى دېدىڭىزمۇ؟ ئەمما، بالامنىڭ يېشى كىچىك ئەمەس (يەنى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بالاغەتكە يەتمەستىن، كىچىك ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئاتا ـ ئانىسى بۇنىڭغا چىرايلىقچە سەۋر قىلغان تەقدىردە، شۇ بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن دوزاختىن توسىدىغان پەردە بولىدىغانلىقى سەھىھ ھەدىسلەردە كۆرسىتىلگەن، بۇ يەردە سەئىد ئىسمىلىك بۇ كىشى «مېنىڭ بالام بالاغەتكە يېتىپ بولغان، ئۇ قاتارغا كىرمەيدۇ» دېمەكچى، ت)» دېدى.

ـ ئۇ قانچە ياشقا كىرگەن، دېۋىدىم،

ـ 17 گە، دېدى.

ـ ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپا بەرگەي. ئۇ قېرىنداشلىرىغا بەرىكەت كەلتۈرگۈسى، دېدىم.

ئەمما، سەئىد بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە: «ئۇستاز، مېنىڭ پەقەت مۇشۇ بىرلا بالام بار ئىدى» دېدى.

ئەھۋال ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ئىدى. لېكىن، مەن يەنىلا ئۇزۇمنى تۇتۇۋېلىپ: «ئى سەئىد! قايغۇرۇپ ئۆزۈڭنى تۆگەشتۈرۈۋالمىغىن. بېشىمىزغا پەقەت ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئىشلا كېلىدۇ» دېدىم.

ئۇنىڭ قايغۇسى ئاز ـ تولا بېسىققاندەك بولغاندەك كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلدىم. شۇنداق، ئىنسان ھەرگىز قايغۇرۇپ ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، قايغۇ باشقا كەلگەن مۇسىبەتنى يېنىكلىتەلمەيدۇ.

مۇنداق بىر ئىش ئېسىمدە. بىر چاغدا مەدىنىگە بارغان ۋە ئۇ يەردە خالىد بىلەن ئۇچراشقانىدىم. ئۇ ماڭا: «دوكتور ئابدۇللاھنى يوقلاپ كەلسەڭ قانداق؟» دېۋىدى، مەن: «قانداق دەيسەن؟ ئۇنىڭ بېشىغا بىرەر ئىش كەلمىگەندۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ قويايلى» دېدى.

مەن: «تەسەللى دەمسەن؟» دېۋىدىم، خالىد: «شۇنداق. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ قوشنا شەھەرگە تويغا بېرىپتىكەن، قايتىش يولىدا قورقۇنچلۇق قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ، ماشىنىدىكى 11 كىشىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېدى.

دوكتور ئابدۇللاھ ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان، سالىھ كىشى ئىدى. ئەلۋەتتە، نەتىجىدە ئۇمۇ بىر ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭمۇ ھېس ـ تۇيغۇلىرى، قەلبى، ياش ئاقىدىغان كۆزلىرى، خۇشاللىنىدىغان ۋە قايغۇرىدىغان روھى بار ئىدى. بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ۋەقەگە ئۇچرىغانلارنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈردى، ئۇلارنى، يەنە ئۆز ئائىلىسىدىن 11 كىشىنى قەبرىگە قويدى.

دوكتور چوقۇم ئۆز ئۆيىدە خۇدىنى يوقاتقاندەك، ئۇيياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، يەرلەردە ئويۇنچۇقلار چېچىلىپ تۇراتتى.

ئاردىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئويۇنچۇقلار ئۆز جايىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئىلگىرى بۇ ئويۇنچۇقلارنى ئوينايدىغان خۇلۇد بىلەن سارە ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

دوكتور يەنە ياتاي دەپ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كەلسە، كارىۋات رەتسىز ئىدى. چۈنكى، ئايالى ئۇممۇ سالىھمۇ ۋاپات بولغانىدى.

ئۇ ئوغلى ياسىرنىڭ ۋېلسىپىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى، ئەمما بۇ ۋېلسىپىتمۇ مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئۆز جايىدا تۇراتتى. چۈنكى، ئۇنى مىنىدىغان ياسىر ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ چوڭ قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، تويدا كىيىدىغان كىيىم تاللاش ئۈچۈن، كىيىملىرىنىڭ كارىۋات ئۈستىگە قاتار تىزىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. چۈنكى، قىزى كىيىملەرنىڭ رەڭگىنىڭ ماسلاشقان بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ھالبۇكى، قىزىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ دوكتور ئابدۇللاھقا سەبىر ۋە قەلبىگە قەتئىيلىك ئاتا قىلغاي!

دوكتور ئابدۇللاھنى يوقلاپ كەلگەنلەر يېمەك ـ ئىچمەك ئالغاچ كېلەتتى. چۈنكى، ئابدۇللاھنىڭ ئۆيىدە مېھمانلارنى كۈتكۈدەك ياكى ئۇنىڭغا ياردەملەشكۈدەك ھېچكىم قالمىغانىدى.

ئاجايىپ يېرى شۇكى، سىز ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلگىنىڭىزدە، ئۇ خۇددى تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلگەنلەردىن بىرىدەك، مۇسىبەت ئۇنىڭ بېشىغا ئەمەس، باشقا بىرىنىڭ بېشىغا كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ دائىم «بىز ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ھەر نەرسىنىڭ بېكىتىلگەن ئەجىلى بار» دەيتتى.

ئەنە شۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر. ئەگەر ئابدۇللاھ شۇنداق قىلمىسا ئىدى، قايغۇدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى.

* قاچانلا كۆرسەم، خۇشال ـ خۇرام، شادىمان يۈرىدىغان بىر تونۇشۇم بار.

ئۇنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، خىزمىتى ئادەتتىكى بىر خىزمەت، ئۆيى ئىجارە ئېلىنغان ھەم كىچىك، ماشىنىسى كونا، بالا ـ چاقىلىرى خېلى كۆپ.

لېكىن، شۇنىڭغا قارىماستىن، ئۇ ھەرۋاقىت كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان، باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغان، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىغان كىشىدۇر.

ئىشنىڭ توغرىسى شۇكى، قايغۇرۇپ ئۆزىڭىزنى تۈگەشتۈرۈۋالماڭ، تولا قاقشىماڭ، چۈنكى بۇنداق قىلسىڭىز كىشىلەر سىزدىن بىزار بولىدۇ.

مەسىلەن، پەرزەنتى ئاغرىقچان بىرەيلەن سىزنى ھەرقېتىم كۆرگەندە: «ئوغلۇم يەنە ئاغرىپ قالدى، ئىچىپ سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ۋاي بىچارە ئوغلۇم!» دېسە، سىزنىڭ ئىچىڭىز پۇشۇشى ۋە: «بۇرادەر، چۈشەندۇق، بىلدۇق» دېگۈڭىز كېلىشى مۇمكىن.

ياكى بىر ئايال ئېرىگە دائىم: «ئۆيىمىز كونىراپ كەتتى، ماشىنىمىزمۇ كاردىن چىقاي دېدى، كىيىملىرىم مودىدىن قالدى» دېسە ...

بۇ قاقشاشلارنىڭ ئىزتىراپنى تەكرارلاشتىن باشقا نېمە پايدىسى بار؟

ئى بىچارە! ئۆمرۈڭنى ۋايساپ ـ قايغۇرۇپ ئۆتكۈزدۈڭ!

«جاھان ماڭا تەتۈر كەلدى» دېدىڭ ـ يۇ، ھېچ ئىش قىلمىدىڭ.

يۈكنى سەن كۆتۈرمىسەڭ، ئۇنداقتا كىم كۆتۈرىدۇ؟

بىر تەۋسىيە

بەختلىك ياشاش ئۈچۈن، ئۆز ئىلكىڭىزدىكى نەرسىلەر بىلەن ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ.

شەيخ مۇھەممەد ئارىفىينىڭ «ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈڭ» ناملىق كىتابىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



# تىرىشچانلىق توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر

# تىرىشچانلىق توغرىسىدىكى ئەقلىيە سۆزلەر

1. تۇنۇگۇن قانچىلىك تىرىشتىم دەپ قارىغان بولسىڭىز، بۈگۈن شۇنىڭدىنمۇ بەكرەك تىرىشىڭ.

— ئالېكس ئېل

2. غالىبلار تىرىشىشنى، تىرىشىش جەريانىدىكى ئىنتىزامچانلىقنى، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. يېڭىلگۈچىلەر بولسا دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، تىرىشىشنى جازا دەپ قارايدۇ. پەرق دەل مۇشۇ يەردە.

— لوۋ هولتز

3. تەلەي ئەلۋەتتە قالتىس نەرسە، ئەمما هاياتتىكى كۆپىنچە نەرسىلەر يەنىلا تىرىشىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

— لېين دۇنكان سىمىس

4. تىرىشچانلىققا ئايلىنالمىغان پىلان پەقەت ياخشى نىيەتتىنلا ئىبارەتتۇر.

— پېتىر دىراكېر

5. گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ئارقىسىغا تىرىشچانلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

— رالف لاۋرېن

6. ئىنسان تىرىشىشتىن ئەمەس، بەلكى زېرىكىشتىن، تېڭىرقاشتىن ۋە كېسەلدىن ئۆلىدۇ.

— دېيۋىد ئوگىلۋى

7. مەن يىگىرمە ياشلىرىمدا ئىشتىن بىرەر كۈنمۇ رۇخسەت سوراپ باقمىغانىدىم.

ــــ بىل گېيتس

8. ئەگەر سىز كاتتا بىر نىشان ئۈچۈن ياشاۋاتقان بولسىڭىز، قاتتىق تىرىشىش سىز ئۈچۈن ئىختىيارىيلىق ئەمەس، بەلكى زۆرۈرىيەتتۇر.

ــــ ستىۋ پاۋلىنا

9. ياشلىقىڭدا پېشانەڭدىن تەر ئاقمىسا، قېرىغىنىڭدا كۆزۈڭدىن ياش ئاقىدۇ.

ــــ ياپون خەلق ماقالى

10. بىز خاتا هالدا مۇۋەپپەقىيەت «بىز خىزمەتكە سەرپ قىلغان ۋاقىت»نىڭ مەهسۇلى دەپ قارايمىز، ئەمەلىيەتتە مۇۋەپپەقىيەت «بىز خىزمەتكە سەرپ قىلغان سۈپەتلىك ۋاقىت»نىڭ مەهسۇلىدۇر.

ــــ ئارىيانا خاففىڭتون

11. ئەگەر كىشىلەر مېنىڭ (ئۆز ساهەيىمدە) ئۇستىلىشىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا تارتقانلىقىمنى بىلسە ئىدى، ئۇتۇقلىرىم ئۇلارغا ئۇنچە قالتىس بىلىنمىگەن بولاتتى.

ــــ مىكېلانگېلو

12. مەن هېچكىمنىڭ تىرىشماستىنلا ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چارىسى ئەنە شۇ. تىرىشىش سىزنى ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيەگە چىقىرالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ سىزنى شۇ يەرگە تولىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ــــ مارگارېت ساچېر

13. كىشىلەر بەلكىم بۇ دۇنيادا بارچە تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئېرىشكەنلىرى ئۈچۈن چوقۇم تىرىشقان بولىدۇ.

ـــ فرېدېرىك دوگلاس

14. مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرى يوق. ئۇ پەقەت تەييارلىنىش، تىرىشىش ۋە مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ـــ كولىن پوۋېل

15. غايە بولماي تۇرۇپ، ھېچ ئىشنى باشلىغىلى بولمايدۇ. تىرىشماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى تاماملىغىلى بولمايدۇ. ئۇتۇق ئالدىڭىزغا ئۆزى كەلمەيدۇ، ئۇنى ئۆزىڭىز تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىڭىز كېرەك.

ـــ رالف ۋالدو ئېمېرسون

16. ئاچكۆزلۈك بىلەن غايە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ئاچكۆز كىشى تىرىشقۇسى يوق نەرسىلەرگە ئېرىششنى تەمە قىلىدۇ.

ـــ ھەبىب ئاكاند

17. ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى قىلىشتۇر. كۈچلۈك خىزمەت ئەخلاقىي يېتىلدۈرۈشنىڭ يېگانە چارىسى قولىڭىزنى مەينەت قىلىشىڭىزدۇر.

ـــ ئالېكس سپانوس

18. مەن شۇنداق بىر نەزەرىيەنى يەكۈنلەپ چىقتىمكى، ئەگەر كىشى ھەرۋاقىت يۈز پىرسەنت تىرىشسا، ئاخىرىدا چوقۇم ئۇتۇق قازانماي قالمايدىكەن.

ـــ لارىي بېرد

19. خىزمەتچىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ياخشى قىلىڭ. كىشى ئۆز ئىشىنى شۇ قەدەر ياخشى قىلىشى كېرەككى، ھاياتلار، ئۆلگەنلەر ۋە تېخىمۇ تۇغۇلمىغانلار ئارىسىدا ھېچكىم شۇ ئىشنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى قىلالمىغاي.

ـــ مارتىن لۇسېر كىڭ

20. ھېچقانداق تۇپراقنى خىيال بىلەن ئاغدۇرغىلى بولمايدۇ.

ـــ ئېرلاندىيە ماقالى

21. تىرىشماي تۇرۇپ جىسمانىي ياكى ئەقلىي جەھەتتىن يۈكسەلگىلى بولمايدۇ، تىرىشىش ئىشلەش دېگەنلىكتۇر.

ـــ كالۋىن كولىدج

22. سىلەر مېنى «ھەركۈنى تولىمۇ تىرىشۋاتىسەن» دېگەندىنمۇ بەكرەك ماختىيالمايسىلەر.

ـــ ۋېين گرېتزكىي

23. ھېچنەرسە تىرىشچانلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ـــ مارىيا بارتىرومو

24. تىرىشچانلىق، قەتئىيلىك ۋە تەڭرىگە بولغان ئىمان ئارقىلىق، ئارزۇلىرىڭىزنى روياپقا چىقىرالايسىز.

ـــ بېن كارسون

25. داتلىشىپ كەتكىنىمدىن ئۇپراپ كەتكىنىم تۈزۈك.

ـــ تېدىي روزۋېلت

26. ئۆزىمىز مۇھىم بىلمەيدىغان بىر ئىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز «بىسىم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ئىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز «قىزغىنلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

ــــ سىمون سىنەك

27. قاتتىق تىرىشىپ تۇرۇپ ئۇتۇق قازىنىشقا ئۇرۇنۇش خۇددى زىرائەت تېرىماي تۇرۇپ ھوسۇل ئېلىشنى ئويلىغاندەكلا ئىشتۇر.

ــــ دېيۋىد بىلاي

28. ئەگەر بىر دەرەخنى كېسىش ئۈچۈن سەككىز سائەت ۋاقتىم بولسا، پالتامنى بىلەشكە ئالتە سائەت ۋاقىت ئاجراتقان بولاتتىم.

ــــ ئابراھام لىنكېن

29. مەلۇم بىر ئىشنى روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغانلار شۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلارغا كاشىلا تۇغدۇرماسلىقى كېرەك.

ــــ جورج بېرنارد شاۋ

30. بەزىدە ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىسىز. گاھىدا قەيەردە ۋاز كېچىشنى ۋە باشقا ئىشلارنى سىناشنى بىلىش ئاقىلانىلىكتۇر. ۋاز كېچىش توختاپ قېلىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. زىنھار توختاپ قالماڭ.

ــــ فىل نايت

31. ھازىرقى جايىڭىزدىن باشلاڭ، قولىڭىزدا بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىڭ، قىلالايدىغان ئىشىڭىزنى قىلىڭ.

ــــ ئارتۇر ئەش

32. مۇۋەپپەقىيەت خاتىمە ئەمەس، مەغلۇبىيەت ئەجەللىك ئەمەس، مۇھىمى داۋاملاشتۇرغۇدەك جاسارەتتۇر.

ـــ ۋىنستون چېرچىل

33. تىرىشماي تۇرۇپلا «مۇۋەپپەقىيەت»نى ئۇچراتقىلى بولىدىغان بىردىنبىر جاي لۇغەتتۇر.

ـــ ۋىدال ساسون

34. مەن ئۇنچۇۋالا ئەقىللىق ئەمەس، مەن پەقەت مەسىلىلەر بىلەن ئۇزۇنراق ھەپىلىشىمەن، خالاس.

ـــ ئالبېرت ئېينشتېين

35. چارچىغاندا ۋاز كېچىشنى ئەمەس، دەم ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

ـــ بەنكسي

36. ئوق ئاتمىغان كىشىنىڭ نىشان تەگكۈزەلمەسلىك نىسبىتى يۈز پىرسەنتتۇر.

ـــ ۋېين گرېتىزكىي

37. سىزنىڭ مەجبۇرىيىتىڭىز يېڭىپ چىقىش ئەمەس، بەلكى ھەركۈنى قولىڭىزدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتۇر.

ـــ مارىيان رۇئايت ئېدىلمەن

38. بەخت تىرىشچانلىقتىن كېلىدىغان ئۇتۇق تۇيغۇسىنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

ـــ كارولىن مىس

39. مەن تىرىشچانلىقنىڭ قىممىتىنى قاتتىق تىرىشىش نەتىجىسىدە تونۇپ يەتتىم.

ــــ ماگارېت مېد

40. مۇۋەپپەقىيەت ھەركۈنى رىئايە قىلىنغان بىر قانچە ئاددىي پرىنسىپتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ــــ جىم روھن

**ئۆتكۈر ئالماس تەييارلىدى**

**مەنبە:**


https://www.keepinspiring.me/hard-work-quotes/

https://teambuilding.com/blog/hard-work-quotes

https://www.indeed.com/career-advice/career-development/hard-work-quotes

https://blog.hubspot.com/sales/hard-work-quotes


مسلىسز ئويغنىش
ختاي دۇچ كەلگەن ئقتسادي مەسلە دۇنيا
ئۈچۈن نېمدىن دېرەك بېردۇ؟

# خىتاي دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي مەسىلە دۇنيا ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

(بۇ ماقالە BBC تورىدا ئېلان قىلىنغان)

**«ئامېرىكا چۈشكۈرسە، دۇنيانىڭ قالغان قىسمى زۇكام بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنداقتا، خىتايدا «بىئاراملىق» كۆرۈلسە، دۇنيادا قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟**

**1 مىليارد 400 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار، دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي كۈچ ھېسابلانغان خىتاي نۆۋەتتە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستا بولۇش، ياشلارنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى يۇقىرى بولۇش ۋە تۇرالغۇ بازىرىنىڭ قالايمىقانلىشىشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە.**

**ھازىر خىتاينىڭ قەرزگە بوغۇلغان ئۆي-مۈلۈك تەرەققىياتى شىركىتى «خېڭدا گۇرۇھى»نىڭ (恒大集团) رەئىسى ساقچىلارنىڭ نازارىتىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ پاي چېكىمۇ پاي بازىرىدىن توختىتىلغان.**

**بۇ مەسىلىلەرنىڭ خىتاينىڭ بېشىنى قاتۇرغانلىقى ئېنىق. ئۇنداقتا، بۇلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟**

**تەھلىلچىلەرگە كۆرە، «(خىتايدىكى ئىقتىسادىي قالايمىقانچىلىقلار سەۋەبلىك) پات ئارىدا يەرشارىۋى ئاپەت يۈز بېرىدۇ» دېگەن ئەندىشە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر، ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى، ھەتتا خىتاي بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى يوق كىشىلەرمۇ ئەڭ كەمدە بۇ مەسىلىلەرنىڭ تەسىرىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. ئاخىرىدا، بۇ مەسىلىلەرنىڭ سىزگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىشى سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزگە باغلىق.**

## غالىبلار ۋە يېڭىلگۈچىلەر

**سىنگاپوردىكى «ئاسىيا سودا مەركىزى»نىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى دېبورا ئېلمس (Deborah Elms) بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر خىتايلار چۈشلۈك تاماقنى سىرتتا يېيىش قېتىم سانىنى ئازايتسا، بۇ دۇنيا**

ئىقتىسادىغا تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ جاۋاب شۇكى، بۇنىڭ تەسىرى سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ئېغىر بولمايدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئەھۋال خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ئىستېمالىغا بىۋاستە تايىنىدىغان كارخانىلارنى زەربىگە ئۇچرىتىدۇ.»

ئالما، ۋولكسۋاگېن ۋە Burberry نى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۈزلىگەن خەلقئارالىق چوڭ شىركەتلەرنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى خىتاينىڭ كەڭ ئىستېمال بازىرىدىن كېلىدىغان بولغاچقا، بۇلار خىتايدىكى ئائىلە خىراجىتىنىڭ تۆۋەنلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇ شىركەتلەرگە تايىنىدىغان مىڭلىغان تەمىنلىگۈچىلەر ۋە ئىشچىلار بۇنىڭ زەنجىرسىمان تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئېشىشنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ خىتايدىن مەنبەلىنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، خىتاي ئىقتىسادىدىكى ھەر قانداق ئاستىلاشنىڭ تەسىرى خىتاينىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

ئامېرىكا كرېدىت باھالاش ئورگىنى Fitch ئالدىنقى ئايدا خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئاستىلىشى «يەر شارىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى خۇنۇكلەشتۈردى» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ 2024-يىلىدىكى يەر شارى ئىقتىسادىغا بولغان مۆلچەرىنى تۆۋەنلەتتى.

ھالبۇكى، بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلار «خىتاي يەرشارىۋى گۈللىنىشنىڭ موتورىدۇر» دېيىش مۇبالىغىدۇر، دەپ قارايدۇ.

ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «خىتاي مەركىزى»نىڭ ئىقتىسادشۇناسى جورج ماگنۇس (George Magnus) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سان-سىفىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، دەرۋەقە خىتاي يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تەخمىنەن قىرىق پىرسەنت تۆھپە قوشىدۇ. ئەمما بۇ ئېشىشتىن پايدا ئالغۇچى كىم؟ خىتاينىڭ غايەت زور ئاكتىپ سودا بالانسى بار. يەنى ئۇنىڭ ئېكسپورت مىقدارى ئىمپورت مىقدارىدىن بەكلا كۆپ. شۇڭا، خىتاينىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ياكى قىلماسلىقى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ بەكرەك خىتاينىڭ ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.»

ھالبۇكى، خىتاينىڭ تاۋار ۋە مۇلازىمەت (ياكى تۇرالغۇ قۇرۇلۇشى) جەھەتتىكى خىراجىتىنىڭ ئازىيىشى خام ئەشيا ۋە تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان تاۋارلارغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئازىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يىل 8-ئايدا، خىتاينىڭ ئىمپورت مىقدارى بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا توققۇز پىرسەنتكە يېقىن تۆۋەنلىگەن. ھالبۇكى، بۇلتۇرنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدە، خىتاي ھېلىھەم «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش سىياستى»نىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا ئىدى.

سىدنېيدىكى لوۋىي ئىنستىتۇتىنىڭ قارمىقىدىكى «ھىندى ـ تىنچ ئوكيان تەرەققىيات مەركىزى»نىڭ مۇدىرى رولاند راجا (Roland Rajah) مۇنداق دېدى: «ئاۋستىرالىيە، برازىلىيە ۋە بىر قانچە ئافرىقا ئەللىرىگە ئوخشاش چوڭ ئېكسپورتچى دۆلەتلەر ئەڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ.»

خىتايدىكى ئىستېمال تەلىپىنىڭ تۆۋەن بولۇشى يەنە خىتايدا باھانىڭ داۋاملىق تۆۋەن ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. غەربتىكى ئىستېمالچىلارنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆسۈم نىسبىتىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلماي تۇرۇپ، باھانىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ياخشى ئۇسۇل بولۇپ قالىدۇ.

راجا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بۇ يۇقىرى پۇل پاخاللىقى بىلەن كۆرەش قىلىۋاتقان شەخسلەر ۋە كارخانىلار ئۈچۈن خۇش خەۋەردۇر.» شۇڭا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە، ئادەتتىكى ئىستېمالچىلار خىتاي ئىقتىسادىنىڭ ئاستىلىشىدىن نەپ ئېلىشى مۇمكىن. ئەمما، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى كىشىلەر بۇ ھەقتە ئۇزۇن مۇددەتلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ.

ئۆتكەن ئون يىلدا، خىتاي «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» تەركىبىدە كەڭ كۆلەملىك ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىگە بىر تىرىليون دوللاردىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى.

150 دىن ئارتۇق دۆلەت يول، ئايرودروم، دېڭىز پورتى ۋە كۆۋرۈك ياساشتا خىتاينىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلاندى. راجانىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئەگەر خىتاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى داۋاملاشسا، خىتاي بۇ تۈرلەر ھەققىدە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرماسلىقى مۇمكىن ئىكەن.

«ھازىر خىتاي شىركەتلىرى ۋە بانكىلىرىنىڭ پۇللىرىنى چەتئەللەرگە سورۇۋەتكۈدەك ھالى يوق» دېدى ئۇ.

گەرچە خىتاي چەتئەلگە سالىدىغان مەبلەغنى ئازايتىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنىڭ ئۇنىڭ تاشقى سىياسىتىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

بەزىلەر «ئىقتىسادى ئاجىزلاۋاتقان خىتاي ئامېرىكا بىلەن بولغان ناچار مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ. ئامېرىكانىڭ سودا چەكلىمىلىرى بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خىتاينىڭ ئامېرىكاغا قىلغان ئېكسپورتىنىڭ 25 پىرسەنت تۆۋەنلىشىگە قىسمەن سەۋەبچى بولدى. ئامېرىكا سودا مىنىستىرى گىنا رايموندو (Gina Raimondo) يېقىندا خىتاينى بىر قىسىم ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ «مەبلەغ سېلىشقا ماس كەلمەيدۇ» دېدى.

ئەمما، خىتاينىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ يۇمشىغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق پاكىت يوق. خىتاي ئۆز ئالدىغا چەكلىمىلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئۆچ ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، غەرب دۆلەتلىرىنى «سوغۇق ئۇرۇش زېھنىيىتى»گە ئىگە دەپ ئەيىبلىدى. شۇنداقلا، رۇسىيە پىرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن ۋە سۈرىيە پىرېزىدېنتى

بەشىشار ئەسەد قاتارلىق جازا يۈرگۈزۈلگەن مۇستەبىت رەھبەرلەر بىلەن داۋاملىق ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئەمەلدارلىرى ھەر ئايدا خىتايغا بېرىپ ئىككى تەرەپلىك سودا توغرىسىدا سۆھبەتلەشمەكتە. شۇنىسى ئېنىقكى، خىتاينىڭ سۆزلىرى بىلەن سىياسىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلار تولىمۇ ئاز.

ۋاشىنگتوندىكى قاتتىق قول كۆزەتكۈچىلەر بۇ خىل ئېنىقسىزلىق ھەققىدە رادىكال چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار «خىتاي ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى ئۇنىڭ تەيۋەن بىلەن بولغان ئالاقىسىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن» دەپ قارايدۇ.

مۇشۇ ئاينىڭ بېشىدا، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدىكى خىتاي ئالاھىدە كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن بولغان ئاۋام پالاتا ئەزاسى مايك گالاگېر (Mike Gallagher) مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىلەر خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭنى تېخىمۇ «تۇترۇقسىز»لاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەيۋەن توغرىسىدا «تولىمۇ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويۇشى»غا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر راجا ئەپەندى ئېيتقاندەك، خىتاينىڭ «ئىقتىسادىي مۆجىزىسى ئاخىرلاشقان» بولسا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىنكاسى «ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.»

ھالبۇكى، ئامېرىكا پرېزىدېنتى جوۋ بايدىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ. بايدىندىن بۇ خىل ئېھتىماللىق توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ شى جىنپىڭنىڭ ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن «شاپاشلاپ» يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە بۇ خىتاينىڭ تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشىغا سەۋەب بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، دەل شۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاي (بۇ جەھەتتە) ئىلگىرىكى ئىقتىدارىنىمۇ يوقىتىشى مۇمكىن.»

## كۆتۈلمىگەننى كۈتۈش

ھالبۇكى، تارىختىن ئېبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ساۋاقلاردىن بىرى «كۆتۈلمىگەننى كۈتۈش»تۇر. ئېلىمىنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، 2008-يىلىدىن ئىلگىرى لاس ۋېگاستىكى ئىككىلەمچى رەنىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىنى مۆلچەرلىيەلىگەنلەر تولىمۇ ئاز ئىدى.

2008-يىلىدىكى ئەھۋال بەزى تەھلىلچىلەرنىڭ ئاتالمىش «پۇل مۇئامىلە يۇقۇمى»دىن (financial contagion) تەشۋىشلىنىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ خىتاينىڭ ئۆي-مۈلۈك كرىزىسىنىڭ خىتاي ئىقتىسادىنى پۈتۈنلەي يىمىرىپ، يەرشارىۋى پۇل مۇئامىلە كاساتچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدەك قاباھەتلىك تەسەۋۋۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

هالبۇكى، ماگنۇسقا كۆرە، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى 2008-يىلى ئامېرىكادا يۈز بەرگەن ئىككىلەمچى رەنە كرىزىسىغا سېلىشتۇرۇشنىڭ ناتوغرا تەرەپلىرىمۇ بار.

«بۇ ‹لېخمان ئاكا-ئۇكىلار شىركىتى› دۇچ كەلگەندەك زەربە بولمايدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ چوڭ بانكىلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا يول قويماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقلا، خىتاينىڭ بۇ بانكىلىرى ئامېرىكادىكى ئەينى چاغدا ۋەيران بولغان مىڭلىغان رايونلۇق ۋە مەھەللىۋى بانكىلاردىن كۈچلۈكتۇر.»

ئېلمىسمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «خىتاينىڭ ئۆي-مۈلۈك بازىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئۇل مۇئەسسەسەلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئامېرىكادىكىگە ئوخشىمايدۇ. يەنە كېلىپ، خىتاينىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى تېخى دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكىنى يوق. شۇڭا، ئۇ 2008-يىلى ئامېرىكادا يۈز بەرگەن كرىزىسقا ئوخشاش بىۋاستە يەر شارىۋى تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. دۇنيا ئۆزگىرىپ باغلانغان. دۇنيانى ئىقتىسادنى سۆرەيدىغان ئېششش موتورلىرىدىن بىرى نورمال ئىشلىمىسە، بۇ ئېنىقلا باشقىلارغا تەسىر قىلىدۇ ۋە بۇ تەسىر تامامەن كۈتۈلمىگەن شەكىلدە بولىدۇ.

بۇ مېنىڭ ‹2008-يىلدىكى كرىزىس تەكرارلىنىدۇ› دەپ قارايدىغانلىقىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمما، مۇھىمى شۇكى، بەزىدە قارىماققا ‹يەرلىك، دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلە› دېگەن مەسىلەر ھەممىمىزگە — ھەتتا بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان شەكىللەردە — تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.»

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.bbc.com/news/business-66840367

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

## مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2023 -يىلى 8– ئاينىڭ 30 – كۈنىدىن 9 – ئاينىڭ 23 - كۈنىگىچە)

# ئايلىق خەۋەر

(2023-يىلى، 9-ئايلىق)

## ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىتايغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن مەخپىي تېخنىكىلارنى كورېيە ۋە ياپونىيە بىلەن ئورتاقلىششقا ئۈندەلدى

«thetimes» تورىنىڭ 30-ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيە پارلامېنتىدىكى چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتى ئەنگلىيە شەرقىي ئاسىيادىكى كورېيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن سۈنئىي ئىدراك، كىۋانت ھېسابلاش ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى باشقۇرۇلىدىغان بومبا مەسىلىسىدە ھەمكارلىششى كېرەك، دەپ قارىغان.

بۇ كومىتېت ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ «ھىندى-تىنچ ئوكيانغا ئېغىش» نامىدىكى، «سۈۋەيشنىڭ شەرقى»دىكى دۆلەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى مەقسەت قىلغان سىياستى توغرىسىدا دوكلات تەييارلىغان بولۇپ، بۇ دوكلاتتا يەنە، يېقىندا خىتاينىڭ مانچېستېردىكى كونسۇلخانىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇش تىلغا ئېلىنىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ چەتئەلدىكى تەنقىدچىلەرگە قىلغان ھۇجۇمىغا «زىنھار يول قويماسلىق» تەلەپ قىلىنغان ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ خىتاي ئىستراتېگىيەسىنىڭ مەخپىيلەشتۈرۈلمىگەن نۇسخىسىنى ئېلان قىلىشقا چاقىرىلغان.

## ئۇيغۇر پائالىيەتچى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ خىتاي زىيارىتىنى ئەيىبلىدى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى لوندون ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى رەھىمە مەھمۇت 31-ئاۋغۇست «قوغدىغۇچى» گېزىتىدە ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جېيمس كلېۋېرلىينىڭ خىتاي زىيارىتى توغرىسىدا «ئەنگلىيە سىياسەتتىن سودىغىچە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى. نەزەردىن ساقىت قىلىپلا قالماستىن، جىنايەتكە شېرىك بولدى» ماۋزۇلۇق ئوبزور ئېلان قىلغان.

**ئۇ مەزكۇر ماقالىسىدە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن:**

**يەنە بىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرى «بېيجىڭغا بارساق، مەسىلىلەرنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويالايمىز» دېگەن باھانىدە، خىتايدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتچىلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشنى يولغا قويغانلىقىغا ئىشارەت قىلىپ، بۇنىڭ ئەندىشىلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يولللۇقلاشتۇردى.**

**ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي باياناتىغا كۆرە، كلېۋېرلىي يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى جەريانىدا «ئەنگلىيەنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىنغانلىقىغا بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتى»نى ئېنىق بىلدۈرگەنمىش. بۇ ئېغىر دەرىجىدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگە قارىتا، ئەنگلىيەنىڭ پەقەت قۇرۇق گېپىلا بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىدى.**

**ھالبۇكى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەرگىزمۇ جىنايەتكە شېرىك بولۇشنى ئەمەس، بەلكى ئۇنى تېزدىن توختىتىش ئۈچۈن كونكرېت ھەرىكەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان جىددىي مەسىلىدۇر؛ شۇڭا ئەركىن دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر «ئىنسانىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈش» بىلەن «ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا داۋاملىق سۈكۈت قىلىش»تىن ئىبارەت ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر.**

## خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى جاھان ئەھلىنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارىتا ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى

**«خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» تورى 31 ـ ئاۋغۇست «ب د ت نىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى ئەيىبلەش خاراكتېرلىك دوكلاتىنىڭ بىر يىللىق خاتىرە كۈنى چوقۇم ھەرىكەتكە ئۆتۈش سىگنالى بولۇشى كېرەك» ناملىق ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىدە ب د ت نىڭ بۇ دوكلاتنى ئېلان قىلغىنىغا بىر يىل بولغىنىغا قارىماستىن، ئۆزى ئېتىراپ قىلغان، شەرقىي تۈركىستاندا ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان ئاشۇ جىنايەتلەرنى توختىتىش ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلمىغانلىقى، ئەمدى چوقۇم خىتاينى جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.**

**ماقالىدە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ساراھ بىروكس مۇنداق دېگەن: «خەلقئارا جەمئىيەت، جۈملىدىن ب د ت خىتاينىڭ خەلقئارا قانۇنلارغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ دەلىللىگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا قارىتا جىددىي تەدبىر قوللانمىدى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلاش، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش ۋە خىتايغا**

تۆلەم تۆلىتىش ئۈچۈن زۆرۈر ۋە كەسكىن تەدبىر قوللىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى ... ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار دوكلاتنى ئېلان قىلغىنىغا بىر يىل بولغان بۈگۈندە خەلقئارا جەمئىيەت دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈشى؛ ھەرقايسى دۆلەتلەر ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئارقىلىق مۇستەقىل خەلقئارا ئۆمەك قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقئارا جىنايەت ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق جىنايەتلىرىنى جىددىي تەكشۈرۈشى كېرەك.»

## ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى

«زىمىستان» تورىنىڭ 31 ـ ئاۋغۇستتىكى خەۋىرىگە كۆرە، 2023 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، خىتاينىڭ «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىملىق قىسقا زىيارىتى جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى گۇماشتىلىرىنىڭ قاتتىق باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەۋجۇت باستۇرۇشنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىپ: «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي خىتاي ۋەزىيىتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شەرقىي تۈركىستان خىزمىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى سۈپىتىدە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيەنىڭ نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان سىياسەتلىرىنى قىلچە تەۋرەنمەستىن تولۇق ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىش زۆرۈر» دېگەن يوليورۇقنى بەرگەن ۋە «ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش» قاتارلىق بىر قاتار قەبىھ نىشانلارنى داۋاملىق تەكىتلىگەن.

بۇنىڭغا قارىتا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شى جىنپىڭنىڭ «ئىجتىمائىي مۇقىملىق»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، «ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش» ۋە ئاتالمىش «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش» يوليورۇقلىرىنى ئەيىبلىگەن.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئەسلىدىنلا ناچار بولغان ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىشتىن ئىلگىرى بۇ ھەقتە تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرىپ مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خەلقئارا جەمئىيەتنى بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا؛ ھۆكۈمەتلەرنى 1948 ـ يىلدىكى <ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى>دىكى مەسئۇلىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىدۇ.»

بۇنىڭدىن سىرت، «ئۇيغۇر ھەرىكىتى»نىڭ مەسئۇلى روشەن ئابباسمۇ «زىمىستان تورى»غا مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: شى جىنپىڭ ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاجىئەنىڭ داۋام قىلدۇرۇلغانلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلدى. ئۇنىڭ «ئىجتىمائىي مۇقىملىق» دېگىنى ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كېلىۋاتقان تەلتۆكۈس چۈشكۈنلۈك ۋە زۇلۇمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر غەربتىكى ساياھەت شىركەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا بارىدىغان ساياھەت پىلانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىردى

«تەيبېي ۋاقىت گېزىتى» تورىنىڭ 2 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر غەربتىكى ساياھەت شىركەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا بارىدىغان ساياھەت پىلانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ چاقىرىقى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا جەلپ قىلىش چاقىرىقىغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئامېرىكادىكى «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى» تەشكىلاتىنىڭ 30 ـ ئاۋغۇست ئېلان قىلىنغان دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: غەربلىكلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت قىلىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر كىملىكىنى ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان» سىياسەتلىرىنى نورماللاشتۇرۇشقا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئاپتورى ھېنرىك سىزادزىيۇسكى يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان شارائىتتا، شەرقىي تۈركىستانغا ساياھەت تەشكىللەش ۋە بۇ ھەقتە ئېلان بېرىش ئاپەت خاراكتېرلىك ئىشتۇر.»

## ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىغا شېرىك بولماسلىققا ئۈندەلدى

«قوغدىغۇچى» تورىنىڭ 3 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەنگلىيەنىڭ ئېنېرگىيە قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى 12 ـ سېنتەبىر پارلامېنتتا مۇزاكىرە قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ لايىھەدە قۇياش ئېنېرگىيەسى شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىشى تەلەپ قىلىنىدىكەن. دۇنيا مىقياسىدا، قۇياش ئېنېرگىيەسى باتارىيەسىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولغان قۇياش ئېنېرگىيەسى دەرىجىلىك كۆپ كرىستاللىق كرېمنىينىڭ (solar ـ grade polysilicon) 40~35 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىدۇ.

مەزكۇر تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى تاشقى ئىشلار مەخسۇس كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئالىشىيا كېرنس، شۇنداقلا مەزكۇر كومىتېتنىڭ باشقا يەتتە نەپەر ئەزاسى ۋە پارلامېنتنىڭ باشقا ئادەتتىكى ئەزالىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ لايىھەگە كۆرە، ئەگەر ھەرقانداق ئۇل مۇئەسسەسە تۈرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق ئىكەنلىكى شەك ـ شۈبھىسىز تەرزدە ئىسپاتلانمىسا، ئومۇمىي مىقدارى ئەللىك مىگاۋاتتىن ئاشىدىغان، دۆلەت خاراكتېرلىك ھەرقانداق چوڭ ئۇل مۇئەسسەسە تۈرى ئەنگلىيە پىلان نازارىتى ئىدارىسى تەرىپىدىن چەكلىنىدىكەن.

كېرنىس بۇ ھەقتە «قوغدىغۇچى» گېزىتىگە مۇنداق دېگەن: «(ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى) كىلەۋېرلىي بېيجىڭدا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ھەققىدە قۇرۇق گەپ قىلىش بىلەنلا بولدى قىلدى. ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قانۇننىڭ كۈچى بىلەن قوللايدىغان ۋاقتى كەلدى. ھۆكۈمەت ئېنېرگىيە قانۇنىنىڭ مەزكۇر تۈزىتىش لايىھەسىنى ماقۇللاش ئارقىلىق، غوللۇق ئۇل مۇئەسسەسە تۈرلىرىنىڭ ئېنىق ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

بۇ ھەقتە، 15 كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىدىن تەركىب تاپقان «ئۇيغۇر ئېلىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى تۈگىتىش ئىتتىپاقى»نىڭ خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: مەجبۇرىي ئەمگەك شەرقىي تۈركىستاندا تولىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك بولغاچقا، شۇنداقلا «بۇ رايوندا مەجبۇرىي ئەمگەكتىن سىستېمىلىق پايدىلىنىلغاچقا، شىركەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر قانداق خىزمەت ئورنىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن خالىي ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان ئۈنۈملۈك چارىسى يوق.»

## ختاي خەلقئارالىق باشقۇرۇش سىستېمىسىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن

8 ـ سېنتەبىر «CNN» تورىدا ختاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ھىندىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن G20 باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشماسلىق قارارى ھەققىدە بىر پارچە تەھلىل ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ شى جىنپىڭنىڭ 2012 ـ يىلى تەختكە چىققاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم G20 باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشماسلىقى ئىكەن. گەرچە شى جىنپىڭنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشماسلىق سەۋەبى ھەققىدە، سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلاشقانلىقى، ھىندىستان بىلەن بولغان چېگرا توقۇنۇشى سەۋەبلىك ھىندىستانغا بارغۇسى كەلمىگەنلىكى دېگەندەك بىر قاتار پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما تەھلىلچىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ جەھەتتىكى ئەڭ كۈچلۈك ئېھتىماللىق شۇكى، شى جىنپىڭ ئامېرىكانىڭ تەسىرى پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولغان مەۋجۇت خەلقئارالىق باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە قۇرۇلمىسىدىن بىزار بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئورنىغا «كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى»، «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» دېگەندەك كۆپ تەرەپلىك مۇنبەرلەرنى دەسسەتمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

## خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ساياھەتچىلىكنى جانلاندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 9-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە ۋە تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا قاتتىق زەربە بەرگەن خىتاي دائىرىلىرى «دۆلەت تەستىقلىغان ئۇيغۇر كۈلتۈرى»نى قايتىدىن پەردازلاپ بازارغا سېلىشقا زور مىقداردا مەبلەغ سېلىۋاتقان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلماقچى ئىكەن.

يېقىندا، قەشقەر شەھىرىنى زىيارەت قىلغان «فرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى»نىڭ مۇخبىرلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، قەشقەردە «ساياھەت سۈرەتلىرى»گە تارتىدىغان فوتوگراف دۇكانلىرىدىن نەچچە ئونى ئېچىلغان بولۇپ، ساياھەتچىلەر 1500 يۈەن تۆلىسە، زەر يالىتىلغان يىپەك ياغلىق ياكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ، سۈرەتكە چۈشەلەيدىكەن. ھالبۇكى، يەرلىك مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يۈز ياپقۇ تاقىشى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەتئىي چەكلەنگەن.

ئالدىنقى ئايدا، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندا يەرلىك ئەمەلدارلارنى «ئاكتىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئېچىۋېتىلگەن يېڭى قىياپىتىنى ۋە ئىشەنچىسىنى نامايان قىلىش»قا ئۈندىگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ساياھەتكە مەسئۇل ئورگان 2023-يىلى ساياھەتچىلىككە 700 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىغان بولۇپ، بۇ 2019-يىلىدىكى خامچوتنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىنمۇ كۆپرەك ئىكەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلاردىن تارتىپ، تۆمۈر يول لىنىيەسى ۋە پائالىيەت باغچىسىغىچە بىر قاتار يېڭى تۈرلەر ئېلان قىلىنغان بولۇپ، «خەلق گېزىتى»نىڭ 6-ئايدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ ھىلتون، شېراتون ۋە InterContinental مېھمانسارىيى قاتارلىق غەربنىڭ داڭلىق مېھمانسارايلىرى بىلەن بولغان بىر مىليارد 720 مىليون دوللار قىممىتىدىكى كېلىشىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي بۇ خىل ساياھەت پىلانلىرى ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشتىن سىرت، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار خەلقئارالىق تەنقىدلەرگە قارشى تۇرۇشنىمۇ مەقسەت قىلغان.

ئەمما، «فرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى»نىڭ مۇخبىرلىرى بۇ خىل ساختا مەنزىرىنىڭ ئارقىسىدا، يېڭىسار ناھىيە بازىرىدىكى بىر قەبرىستانلىقتا يوكۇنۇپ ئولتۇرۇش، سەجدە قىلىش، دۇئا قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىسلامىي «دىنىي پائالىيەتلەر»نى چەكلەيدىغان بەلگىلەرنى كۆرگەن.

يەنە شۇ قەبرىستانلىقتا، خىتايلارنىڭ چوكانتال بايرىمىدا بەزى نەزىرلىك بۇيۇملارنى ئەكېلىشكە يول قويىدىغانلىقىمۇ كۆرسىتىلگەن.

مۇخبىرلار يەنە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا يېزا ـ بازارلاردىكى ئونغا يېقىن مەسچىتنىڭ قۇلۇپلانغانلىقىنى ۋە بەكلا كونىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.

## خىتاي سۈنئىي ئىدراكلىق پاراڭلىشىش روبوتلىرىنىمۇ تىزگىنلەشكە ئۇرۇنماقتا

«BBC» تورىنىڭ 9 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتايدىكى ئەڭ چوڭ ئىزدەش موتورى بولغان بەيدۇ شىركىتى يېقىندا «Ernie» ئىسىملىك سۈنئىي ئىدراكلىق پاراڭلىشىش روبوتىنى (chatbot) بازارغا سالغان بولۇپ، بەيدۇ شىركىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، مەزكۇر پاراڭلىشىش روبوتى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن دەسلەپكى بىر سوتكا ئىچىدىلا 33 مىليون 420 مىڭ كىشىدىن سوئال تاپشۇرۇۋالغان.

ھالبۇكى، ChatGPT قاتارلىق خەلقئارادا تونۇلغان پاراڭلىشىش روبوتلىرىغا رەقىب سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان Ernie بەزى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ياكى جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.

مەسىلەن، بۇ پاراڭلىشىش روبوتىدىن: «شى جىنپىڭ نېمە ئۈچۈن G20 باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشمىدى؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا شى جىنپىڭنىڭ رەسمىي تەرجىمىھالىنىڭ ئۇلانمىسىنى ئەۋەتكەن.

«خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشسىزلىق سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئېلان قىلىشنى توختىتىشى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسىمۇ؟» دېگەن سوئالغا بولسا، «كەچۈرۈڭ! مەن ھازىرچە بۇ سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭدىن: «شەرقىي تۈركىستان ياكى تىبەت ياخشى جايمۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئوخشاشلا بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ھالبۇكى، بۇ پاراڭلىشىش روبوتىدىن «شى جىنپىڭ ئاغرىپ قالدىمۇ؟» دەپ سورالغاندا ياكى «4 ـ ئىيۇن تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقى» توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، ئۇ «بىلمەيمەن» دېمەستىن، «باشقا تېمىدا پاراڭلىشايلى!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىگىلىنىشىچە، مۇشۇ يىل سەككىزىنچى ئايدا، ئون نەچچە خىل ئاتالمىش سۈنئىي ئىدراك مۇلازىمىتىنىڭ خىتايدا پائالىيەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ «تور بوشلۇقىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى» بۇ سۈنئىي ئىدراك مۇلازىمەتلىرىدىن «سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قاراش»نى

ئەكس ئەتتۈرۈشنى؛ شۇنداقلا، «دۆلەتنىڭ كۆچى ياكى ئىتتىپاقلىقى»نى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئۇچۇرلارنى تارقاتماسلىقنى تەلەپ قىلغان.

## ئەنگلىيە باش مىنىستىرى جاسۇسلۇق ۋەقەسى توغرىسىدا خىتاي باش مىنىستىرىغا سوئال قويدى

«قوغدىغۇچى» تورىنىڭ 9-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، «يەكشەنبە ۋاقىت گېزىتى» كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئالاقىسى بار بىر تەتقىقاتچى ۋە يەنە بىر كىشىنىڭ خىتايغا جاسۇسلۇق قىلغان دېگەن گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بىر نەچچە سائەت كېيىنلا، رىشى سۇناك دېھلىدا ئۆتكۈزۈلگەن G20 باشلىقلار يىغىنى جەريانىدا خىتاي باش مىنىستىرى لى چياڭ بىلەن يىلانىسزلا كۆرۈشكەن.

ئىگىلىنىشچە، ھەر ئىككىسى ئەنگلىيە پۇقراسى بولغان بۇ ئىككىيلەن 1911-يىلدىكى «ھۆكۈمەت مەخپىيەتلىكى قانۇنى» نىڭ 1-تارمىقىغا خىلاپلىق قىلىش، يەنى «دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى مەنپەئەتىگە زىيان سېلىش» جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغان.

ئۇچرىشىشتىن كېيىن رىشى سۇناك مۇنداق دېگەن: «ئەلۋەتتە، مەن شۇ تاپتا داۋاملىشىۋاتقان تەكشۈرۈشنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. ئەمما، باش مىنىستىر لى چياڭ بىلەن ئۇچرىشىشىم ھەققىدە شۇنى ئېنىق بىلدۈرمەنكى، مەن ئارىمىزدا ئىختىلاپ بار بولغان ساھەلەردىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ بىزنىڭ پارلامېنتلىق دېموكراتىيەمىزگە مۇداخىلە قىلىنىشىغا ئىنتايىن كۈچلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىمنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇم، بۇنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ.»

## كانادا پارلامېنت ئەزاسى ئامېرىكا بىلەن كانادانى خىتاينىڭ مۇداخىلىسىگە قارشى ھەمكارلىششقا ئۈندىدى

«BBC» تورىنىڭ 13-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن خىتاينىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلانغان كانادالىق سىياسەتچى مايكېل چۇڭ ئاز ئۇچرايدىغان تەرزدە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى خىتاينى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل كومىتېتتا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق

بېرىپ، ئامېرىكا بىلەن كانادانى بىرلىكتە ختاينىڭ چەتئەللەرگە بولغان مۇداخىلىسىگە قارشى تۇرۇشقا ئۈندىگەن ۋە «ختاينىڭ قىلمىشى كانادا ئۈچۈن <ئېغىر تەھدىتتۇر>» دېگەن.

مايكېل چۇڭ 11 ـ سېنتەبىردىكى گۇۋاھلىقىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋە دېموكراتلاردىن تەشكىل تاپقان بۇ كومىتېتقا مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىم پەقەت ختاينىڭ كاناداغا مۇداخىلە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللاردىن بىرى، خالاس. باشقا نۇرغۇنلىغان ۋەقەلەرگە دىققەت قىلىنمىدى ۋە بۇلار خەۋەرمۇ قىلىنمىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار داۋاملىق سۈكۈت قىلماقتا.»

بۇ يىلىنىڭ بېشىدا، كانادا ختاي ھۆكۈمىتىنى ئۈندىدارلاردا مايكېل چۇڭغا قارشى ساختا ئۇچۇر ھەرىكىتى قوزغىدى، دەپ ئەيىبلىگەنىدى.

مايكېل چۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەنە كانادا ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىن ختاينىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدا ئۆزى ۋە خوڭكوڭدىكى تۇغقانلىرى ھەققىدە ئۇچۇر توپلىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇ 2021 ـ يىلى كانادا پارلامېنتىدا ختاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلمىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ تونۇش توغرىسىدا تەكلىپ سۇنغانىدى.

## ختاي تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلغان تەقدىردە، ئامېرىكانى ختاي بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا ئۈندەيدىغان سادالار داۋاملاشماقتا

سىياسىي ئوبزورچى دانىيېل دېپۋس 14 ـ سېنتەبىر «thehill» تورىدا ئوبزور ئېلان قىلىپ، بۇلتۇر ئامېرىكا ـ ختاي ئارىسىدىكى ئومۇمىي تىجارەت سوممىسىنىڭ 690 مىليارد دوللارغا يەتكەنلىكىنى، بۇ يىل بۇ سان تۆۋەنلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما ختاينىڭ ھېلىھەم ئامېرىكانىڭ ئەڭ مۇھىم سودا ھەمراھلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، بۇ خىل ئەھۋالدا ئامېرىكانىڭ ختاي بىلەن بىۋاستە قوراللىق توقۇنۇشقان تەقدىردە، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە غەربتىكى نۇرغۇن تەھلىلچىلەرنىڭ «ختاي تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلغان تەقدىردە، ئامېرىكا چوقۇم تەيۋەن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىشى كېرەك. بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار دېموكراتىيەنى خەۋپكە ئۇچراتقۇچىلاردۇر» دېگەن قارىشىغا رەددىيە بېرىپ، ئامېرىكا تەيۋەن سەۋەبلىك ختاي بىلەن ئۇرۇش قىلسا، بۇنىڭ چىقىمىنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

ئالاقىدار تەھلىلچىلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، گەرچە ئامېرىكانىڭ سىياسىي ساھەسىدە، ختايغا قارشى قاتتىق تۇتۇم ئىزھار قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدىغانلار كۆپتەك كۆرۈنسىمۇ ۋە مەزكۇر ئوبزوردىكى قاراش قىسمەن كىشىلەرگىلا ۋەكىللىك قىلىدىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى «تەيۋەن

خىتاينىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىسا قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىگە تولىمۇ پراگماتىك مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، «دېموكراتىيەنى قوغداش» نامىدا «تەيۋەن ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ تۆپكى دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا پەرۋا قىلماسلىق كېرەك» دەپ قارايدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن.

## ئامېرىكا بىلەن خىتاي يېڭى دۇنيا تەرتىپى ھەققىدە ئۆزئارا سوقۇشتۇرماقچى

«ئامېرىكا ئاۋازى» تورىنىڭ 14-سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، دۇنيا رەھبەرلىرى بۇ ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 78-نۆۋەتلىك ئومۇمىي مەجلىسى ئۈچۈن نيۇيوركقا يىغىلىش ئالدىدا تۇرغاندا، ئامېرىكا بىلەن خىتاي خەلقئارا سەھنىدە نوپۇز تالىشىپ، كەسكىن رىقابەت قايىنىمىغا پاتقان بولۇپ، ھەرئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن كېيىنكى خەلقئارا تەرتىپنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى ئانتونىي بىلىنكېن 13-سېنتەبىر بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ كەلگۈسى پىلانىنى بايان قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «بىر دەۋر ئاخىرلاشتى، يېڭى دەۋر باشلاندى ... ئامېرىكا دېموكراتىيەنى كۈچەيتىش، كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق قۇرماقتا.»

بىلىنكېن يەنە خىتاينىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنى قوللىغانلىقىنى، رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنادىكى ناھەق ئۇرۇشىنى ئەيىبلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكانىڭ دېموكراتىيەنى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغان ھەمدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىتتىپاق تۈزۈشكە بەل باغلىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ھەپتە خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرشارىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات تەشەببۇسى»نى ئېلان قىلغان.

خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە بىخەتەرلىك كېڭەشنى كېڭەيتىشنى يادرو قىلغان، خەلقئارا ئىشلاردا كۆپ تەرەپلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان 5400 خەتلىك مەزكۇر تەكلىپىدە: «ئىنسانىيەت يەنە بىر قېتىم تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قالدى» دېيىلگەن ھەمدە تەكلىپ: «بىز بىرلىكتە ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىمىز» دەپ تۈگەللەنگەن.

## تۈركىيە خىتاي بىلەن بىرلىشىپ يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرماقچى

«BBC» تورىنىڭ 15 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، تۈركىيە ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي بايلىقلار مىنىستىرى ئالپئارسلان بايراقتار خىتاي بىلەن تۈركىيەنىڭ ئۈچىنچى يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە «كەلگۈسى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە» كېلىشىم تۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەنقەرەدە مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشكەن بايراقتار ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملاشقان سۆھبەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەنلىكىنى ئېيتقان.

بۇ ئىشقا يېقىن بىر شىركەتتىكى ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ ياپونىيەنىڭ نىكېي ئاگېنتلىقىغا ئېيتىشىچە، «سۆھبەت ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەۋاتقان» بولۇپ، ئىككى دۆلەت بىر يىل ئىچىدە ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىم ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئىكەن. ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان مەزكۇر ئۇچۇر مەنبەسى بۇ كېلىشىمنىڭ خىتاي ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر كېلىشىم ھاسىل قىلىنسا، بۇ خىتاينىڭ چەتئەلدىكى ئەڭ چوڭ مەبلەغ تۈرى بولۇپ قالىدۇ.»

مىنىستىر بايراقتارنىڭ سۆزىگە كۆرە، تۈركىيەنىڭ ئۈچىنچى يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قىرىقلارئېلى ۋىلايىتىنىڭ ئىگنە ئارىلى رايونىدا قۇرۇش پىلانلانغان. خىتاي دۆلەتلىك ئېنېرگىيە باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خې ياڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈركىيەنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قىرىقلارئېلىدىكى مەيداننى زىيارەت قىلغان.

تۈركىيە خىتاي بىلەن بىرلىكتە ئىگنە ئارىلى رايونىدا تۆت يېڭى يادرو رېئاكتورى قۇرۇشنى پىلانلىغان.

بايراقتار يەنە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بەزى ئىختىلاپلار بارلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «شۇڭا، بىز بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، پات يېقىندا خىتاي بىلەن يادرو ئېنېرگىيەسى پىلانى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلالايمىز.»

ئىگىلىنىشىچە، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈركىيەنى زىيارەت قىلغاندا مۇشۇ مەسىلىنىمۇ تىلغا ئالغان.

## خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى چىرىكلىك باھانىسىدە تەكشۈرۈلمەكتە

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 16 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئون كىشىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئاشكارا سورۇنلاردا كۆرۈلمىگىنىگە ئىككى ھەپتىدىن ئاشقان خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى لى شاڭفۇ خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمەكتە ئىكەن.

بىر نەپەر رايونلۇق بىخەتەرلىك ئەمەلدارى ۋە خىتاي ئارمىيەسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بار ئۈچ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، لى شاڭفۇ ھەربىي ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش جەريانىدىكى چىرىكلىككە چېتىشلىقلىقى سەۋەبلىك تەكشۈرۈلمەكتە ئىكەن.

لى شاڭفۇ 2017 ـ يىلىدىن 2022 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا رەھبەرلىك قىلغان خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئەشيا سېتىۋېلىشقا مەسئۇل تارمىقىسىدىكى سەككىز نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارمۇ تەكشۈرۈلمەكتە ئىكەن.

ئەھۋالدىن خەۋەردار ئىككى كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل ئۈچىنچى ئايدا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەنگەن لى شاڭفۇ ۋە سەككىز ئەمەلدار شۇ تاپتا خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ھوقۇقلۇق «ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى» تەرىپىدىن تەكشۈرۈلمەكتە ئىكەن.

لى شاڭفۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بېيجىڭدا كۆرۈلگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىخەتەرلىك مۇنبىرىدە نۇتۇق سۆزلىگەن. ئۇ يەنە ئالدىنقى ئاينىڭ بېشىدا رۇسىيە بىلەن بېلارۇسىيەنى زىيارەت قىلغان.

بىر نەپەر ۋېيتنام ئەمەلدارىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خىتاي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى لى شاڭفۇنىڭ «سالامەتلىكى يار بەرمىگەنلىكى» سەۋەبلىك 7 ـ سېنتەبىردىن 8 ـ سېنتەبىرگىچە ئۆتكۈزۈلۈشى پىلانلانغان ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى يىللىق مۇداپىئە يىغىنىغا قاتنىشالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## ئامېرىكانىڭ سابىق مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پېنس خىتاينى «ئەڭ چوڭ تەھدىت» دېدى

«dailywire» تورىنىڭ 18 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكانىڭ سابىق مۇئاۋىن پرېزىدېنتى مايك پېنس 17 ـ سېنتەبىر CNN خەۋەر قانىلىدىكى جېيك تەپپېرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭدىن جەنۇبى كارولىنا شتاتىنىڭ سابىق باشلىقى نىكى ھالېينىڭ يېقىندا «خىتاي ئامېرىكا ئۈچۈن تەھدىتتۇر» دېگەن سۆزى توغرىلىق سوئال سورالغان ۋە پېنس ئۆزىنىڭمۇ كوممۇنىست خىتاينى ئامېرىكا دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەھدىت دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

پېنس مۇنداق دېگەن: «خىتاي ئامېرىكا 21 ـ ئەسىردە دۇچ كەلگەن ئەڭ چوڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەھدىتتۇر. مەن ئۆزىمىز ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان دۆلەت سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە رەھبەرلىك قىلغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. دېمەكچىمەنكى، كۆپ يىللىق سودا دەپسەندىچىلىكى، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىقى، ئاسىيا ـ تىنچ ئوكياندىكى ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكلەردىن،

تېخىمۇ چاتاقىي مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا ۋە خرىستىيان پوپلىرىغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدىن كېيىن، بىز خىتايغا <بولدى بەس!> دېگەن سىگنالنى بەردۇق. بىز خىتاينىڭ 250 مىليارد دوللار قىممىتىدىكى ماللىرىغا تاموژنا بېجى قويدۇق. بايدىن ھۆكۈمىتى ھېلىھەم بۇ باجنى بىكار قىلمىغان بولسىمۇ، بىز بېسىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك، چۈنكى بىز خىتاينىڭ خورىكىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتكەنلىكىگە شاھىت بولماقتىمىز.

ئەگەر مەن ئامېرىكانىڭ پرېزىدېنتى بولسام، بىز بۇنىڭغا ئامېرىكانىڭ كۈچى بىلەن ئىنكاس قايتۇرىمىز. تاكى خىتاي خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ، خەلقئارا سودا قائىدىسىگە ئەمەل قىلمىغۇچە، بىز خىتاينىڭ ئامېرىكا بازىرىغا كىرىشىنى چەكلەيمىز. بىز يەنە 355 دانە ئۇرۇش پاراخوتىغا ئىگە دېڭىز ئارمىيەسى قۇرىمىز. ئىشىنىمەنكى، بىز ئاسىيا ـ تىنچ ئوكياندا خىتاي دېڭىز ئارمىيەسىدىن ئېشىپ كېتەلەيمىز.»

## ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى «ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە خىزمىتى گۇرۇپپىسى» قۇرۇۋاتىدۇ

«رويتېرس ئاگېنتلىقى» تورىنىڭ 22 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى «ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە خىزمىتى گۇرۇپپىسى» قۇرماقتا ئىكەن.

ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ 22 ـ سېنتەبىر بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر مىنىستىرلىق ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە مەسىلىسىدە ئىككى دانە «ئامېرىكا ـ خىتاي خىزمەت گۇرۇپپىسى» قۇرۇۋاتقان بولۇپ، بۇ گۇرۇپپىلار دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بۇ ئىككى ئىقتىسادىي گەۋدىنى قەرەللىك سىياسىي ئالاقە مۇنبىرى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان ئىكەن.

بۇ ھەقتە، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىقى ئۆز باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى گۇرۇپپا قەرەللىك ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ ھەمدە ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرى يېلېن بىلەن خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى خې لىفېڭغا دوكلات بېرىدۇ.»

يېلېن بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن: بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى «ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىي تۇتۇملىرىنى ۋە ئەندىشىسىنى خىتايغا يەتكۈزۈش، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ساغلام ئىقتىسادىي رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئامېرىكا ئىشچىلىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت شارائىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ھەمدە يەرشارى خاراكتېرلىك خىرىسلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم مۇنبەر بولۇپ قالىدۇ. سۆھبەتلىشىش ئىنتايىن مۇھىم، بولۇپمۇ ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە تېخىمۇ شۇنداق.»

خىتاي مالىيە مىنىستىرلىقى ۋە مەركىزىي بانكىسى بىردەك بايانات ئېلان قىلىپ، «ئامېرىكا ـ خىتاي ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە خىزمىتى گۇرۇپپىسى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى دەلىللىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسىلىلەردىكى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىشتىن باشقا تەپسىلاتلارنى ئاشكارىلىمىغان.

## خىتاي سۈرىيە بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئورناتقانلىقىنى جاكارلىدى

«كۆزەتكۈچى» تورىنىڭ 22 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ دۆلەتلىك تاراتقۇسى بولغان شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، «خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن سۈرىيە پرېزىدېنتى بەشەر ئەسەد 22 ـ سېنتەبىر خىتاي بىلەن سۈرىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك شېرىكلىك مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى جاكارلىغان.

ئىككى رەھبەر «ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ھارپىسىدا كۆرۈشكەن بولۇپ، بۇ بەشەر ئەسەدنىڭ 2004 ـ يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق خىتاي زىيارىتى ئىكەن.

بەشەر ئەسەد غەرب تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان بولسىمۇ، خىتاي تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان بىر قاتار رەھبەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىرت ۋېنېزۇئېلا رەھبىرى نىكولاس مادۇرو، ئىران پرېزىدېنتى ئىبراھىم رەئىسى ۋە رۇسىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمۇ بۇ يىل خىتاينى زىيارەت قىلغان.

خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى نوپۇزىنى كۈچەيتىپ، بۇ رايوندا ئامېرىكانىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى ئىگىلەش ئۇرۇنۇشىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالماقتا.

## خىتاي لەنجوۋ شەھىرىدىكى مەشھۇر مەسچىتنى خىتايچىلاشتۇردى

«ucanews» تورىنىڭ 23 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىگە كۆرە، خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 17 ـ ئەسىردە سېلىنغان مەشھۇر شىگۇەن مەسچىتىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلمىسىنى خىتايچىلاشتۇرغان.

«زىمىستان» تورىنىڭ 18 ـ سېنتەبىردىكى خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، دائىرىلەر شىگۇەن مەسچىتىنى «خىتايچىلاشتۇرۇش»نى 2020 ـ يىلى پىلانلىغان بولۇپ، چېقىش ئىشلىرى بۇ يىل ئاۋغۇستتا باشلانغان.

**«خىتايلاشتۇرۇش/خىتايچىلاشتۇرۇش» (Sinicization) خىتاي كومپارتىيەسى تەشەببۇس قىلغان سىياسىي ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ھەربىر شەخس ۋە ئورگاننىڭ سوتسىيالىستىك پرىنسىپلارغا قاتتىق ئەمەل قىلىشىنى ۋە كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە سادىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.**

**گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى مۇزاكىرە قىلماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، يەرلىك ئاھالىلەر شىكۈەن مەسچىتىنىڭ چېقىلىۋاتقان ھالىتىنى سۈرەتكە تارتىپ تورغا يوللىغان.**

**«زىمىستان» تورىنىڭ كۆرسىتىشىچە، خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسچىتلەرنىڭ «مەسچىتكە ئوخشاپ قالماسلىقىغا» كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەسچىتلەر بىردەك ھالدا خىتايچىلاشتۇرۇلماقتا ئىكەن.**

## خىتاي راھىلە داۋۇتقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەردى

**«BBC» تورىنىڭ 23-سېنتەبىردىكى خەۋرىگە كۆرە، 21- سېنتەبىر كۈنى، «دىيالوگ فوندى» خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر نەپەر ئەمەلدارىدىن ئىگىلىگەن ئىشەنچلىك مەلۇمات ئاساسىدا پروفېسسور دوكتور راھىلە داۋۇتنىڭ 2018-يىلى 12-ئايدا «بۆلگۈنچىلىك»، يەنى «دۆلەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىش» جىنايىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدە سوتلىنىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ۋە بارلىق سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى دەلىللىگەن.**

**شۇنداقلا، راھىلە داۋۇتنىڭ نارازىلىق ئەرزىمۇ مۇشۇ ئايدا رەت قىلىنغان.**

**«دىيالوگ فوندى»نىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى جون كەم بۇ ھەقتە: «راھىلە داۋۇتقا بېرىلگەن جازا ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئاكادېمىك ئەركىنلىكنى قەدىرلەيدىغان ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئېچىنىشلىق تراگېدىيە ۋە زور يوقىتىشتۇر» دېگەن ۋە ئۇنىڭ دەرھال قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان.**

**تىموسىي گروس، جېيمس مىلۋارد، دېيۋىد توبىن ۋە جوشۇا فرىمەن قاتارلىق چەتئەلدىكى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار راھىلە داۋۇتنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئەگە بولغان ھېسداشلىقىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ فاشىستىك رەھىمسىزلىكىگە بولغان ئېتىرازىنى بىلدۈرۈشكەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



## سارا بروُكس

ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا سەھنىلىرىدىكى ئاۋازى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، ھۆرمەتلىك سارا بروُكس خانىم



ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival
ئەركىنلىك دېمەك ئۆزىمىزگە مەسئۇل بولىدىغان ئىرادە دېمەكتۇر. -فرېدرىخ نىچشى